# ئىلىي تونۇرلىرى

## تاللانما

ماتېريال تەييارلىغۇچى : ئابرال

ماتېريال مەنبەسى : سەلتەنەت، شەبنەم، سەلكىن قاتارلىق ئۇيغۇر تور بەتلىرى

ئېلكتاپ ئىشلىگۇچى: ئابرال

2007- يىلى 3-ئاينىڭ 13-كۈنى ئىشلەندى.

# ئىلكتاپ ئىشلىگۈچىدىن

سىز توردىن چۈشۈرۈپ كۆرىۋاتقان بۇ فىلىيەتونلار توپلىمىدىكى فىلىيەتونلارنىڭ بەزىلىرىنى توردىن كۆچۈرىۋالغان، بەزىلىرىنى نەشرىدىن چىققان كىتاپ- ژورناللاردىن رەتلەپ كىرگۈزگەن. تورداشلارنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ ئېلكتاپتىكى بارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتۇرلۇق هوقۇقى ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى كۆز قاراشلار ئەسلى ئاپتۇرغا مەنسۇپ. بۇ كىتاپ پەقەتلا شەخسنىڭ قىزىقىشى بويىچە تۈزۈلۈپ،پەقەتلا هەۋەسكار دوسلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىقىلىپ، تورغا يوللاندى. بۇندىن سىرت ئېلكتاپنى سودا ياكى باشقا ساهەدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئاپتۇرنىڭ ياكى نەشر هوقۇقىغا ئىگە ئورۇنلارنىڭ رۇخسىتىسىز سودا ياكى باشقا ساهەلەردە ئىشلىتىپ، بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە بارلىق ئاقىۋەتكە ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ.ئۇيغۇر ئېلكتاپ تورى ۋە ياكى ئابرال ئېلكتاپ تارقىتىش مەركىزى هىچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈز ئۈستىگە ئالمايدۇ.

ئەگەر سىز ئاپتۇرلۇق هوقۇقۇمغا ۋە ياكى نەشر هوقۇقۇمغا دەخلى قىلدىڭىز دەپ قارىسىڭىز بىزگە ئېلخەت ياكى ئۇچۇر ئەۋەتىڭ. بىز سىزنىڭ ئەسىرىڭىزنى توردا تارقىتىشنى دەرهال توختىتىمىز.

ئېلخەت ئادرىسىمىز: abral@live.com ياكى abral@live.cn

ۋە ياكى بىۋاستە ئابرال ئېلكتاپ تارقىتىش بلوگىدا ياكى ئۇيغۇر ئىلكتاپ تورىغا سۆز قالدۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ ئادرىسىمىز:

http://www.uyebook.com

http://ilkitap.blogbus.com

هۆرمەت بىلەن : ئۇيغۇر ئېلكتاپ گۇرۇپپىسىدىن(بىلىك – ئىنتىل )

ئابرال ئېلكتاپ تارقىتىش مەركىزىدىن ئابرال

2008-يىلى 7-ئاينىڭ 5- كۈنى 3-قېتىم تۈزىتىلدى

## مۇندەرىجە

تەخسكەشنىڭ دەردى ........ 4
ئەمەلدارنىڭ ئاش قازىنى ........ 7
ھېسابلاپ چىققىلى بولمايدىغان ھېسابلاش سوئالى ........ 9
ئېغىز ۋە قۇلاق ........ 14
تەگىرنىڭ شاپائىتى ........ 16
مەن بىلەن توي قىلىشنى خالامسىز ........ 17
بىر سۆزلۈك پەرق ........ 19
خوتۇنلارغا 19 ماددىلىق تۈزۈم ........ 20
شەيتانلارنىڭ پارىڭى ........ 24
يەكچەشمە مايمۇن ........ 28
ھاياتلىقتا چاكىنىلىقنى رەت قىلىڭ ........ 30
مەستنىڭ قىسمەتلىرى ........ 32
نان قېپى ........ 40
جۇڭگولۇق، ئامېرىكىلىق ۋە ياپونىيىلىك ھەققىدە قىزىقارلىق سېلىشتۇرۇش ........ 46

http://ilkitap.blogbus.com

# تەخسكەشنىڭ دەردى

تۇرسۇننىياز توختى ئوغۇز

سىزنىڭمۇ دەردىڭىز بارمۇ دەۋاتامسىز؟ قىززىقكەنسىز، باشقىلارنىڭ دەردى مېنىڭكىگە ياماق بولالمايدۇ. قارىغاندا سىز مېنى باشلىقنىڭ يېقىنى، توققۇزىنى تەل قىلىپ بېرىدىغان ئادىمى بار، دەپ قالغان ئوخشايسىز. باشقىلارغا تېخى تىنمىغان، راستىنى دېسەم باشلىقنىڭ يېقىنى بولماق قوتۇر ئېشەككە مۆلە بولماقتىنمۇ تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىرقى باشلىقلارنىڭ يۆرت بېدىكلىرىدىن ئانچە پەرقى يوق. ئۇزۇنراقى بىر ئىككى يىل، قىسقىسى بىرنەچچە ئاي تۇرۇپلا غىيىپىدە ئۇچۇپ كېتىشىدۇ. جەددالنىڭ كېچىچە توقۇپ چىققان توقۇملىرى تاڭنىڭ ئەزىنى بىلەن چۇۋۇلۇپ كەتكەندەك، سىزنىڭ شۇنچە كۆچەپ تۈزگەن پىلانلىرىڭىزمۇ باش ئۇچىنى تاپقىلى بولمايدىغان بىر كاللەك يىپقا ئايلىنىپ قالىدۇ. قانداق قىلىسىز، باشتىن كەتكەن خۇي بولغاندىكىن، يەنە نۆلدىن باشلىماي قانداقمۇ كۈن ئۆتسۇن؟ «ئەمەلدارنىڭ يېغىرى بار، يېغىرىنىڭ يېغى بار» دەپ بىكار ئېيتمىغانىدى. گاھىدا شوخا تىكەنلەرگە پۈتلىشىپ ھەرەجگە يولۇقسىڭىز، گاھىدا گۈللىرىگە قونۇپ تازا كېرىلىشۋالىدىكەنسىز. سىز تېخى بىلمەيسىز، باشلىققا يېقىنلىشىش دۈئېل مەيدانىغا كىرىش دېگەن گەپ. ئەر كىشىنى ئەر كىشىدىن كۈنلەيدىغان بىرمۇنچە گېلادىئاتورلار كۆزلىرىنى قىزارتقىنىچە سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. سىز ھامان قان ئاققۇزماي جان ئالىدىغان بەكمۇ ئوماق بىر جەڭنى باشتىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىسىز. قانداقلا قىلماڭ چوقۇم غەلىبە قىلىشىڭىز كېرەك تە. گېزى كەلگەندە ۋىجداننى دەپسەندە قىلساڭمۇ ئەرزىيدۇ. ۋىجدان بولمىغانغا كىم دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ؟ سىزگە دېسەم، بۇرادەر، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تاۋلىنىش جەريانى دېگەن سۆز. مۇشۇ ئوچاقتا ئون يىل تاۋلانسىڭىز جەزمەن بىر پەيلاسوپ ياكى پسىخولوگ بولۇپ قالىسىز. ياق ياق... توختاڭ، خۇمسىلارنىڭمۇ پەيلاسوپ، پسىخولوگلىرى بولىدىغىنىغا ئىشىنىپ قويۇڭ جۇمۇ.

بۇ ئىشلار ئەنە شۇنداق بولىدىكەن. بەزى باشلىقلارنىڭ كېپتىگە كىرىش ئۇنداق ئاسان بولغىنى بىلەن، بەزى باشلىقلار ھازىرلا قىزىل بايراق ئاستىدىن تۇرغاندەك پاك ھەم مۇستەھكەم بولىدىكەن. ئۇنداقلارنىڭ تۇمشۇقىدىن ئېلىمىز دېسەك ئۆزىمىزنى خورىتىۋالىدىكەنمىز، يۈرىكىمىز زېدە بولىدىكەن، مېنىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك باشلىقىم ئەنە شۇ قاتاردىكىلەردىن ئىدى. كارامەتلىرىم كارغا كەلمەي بىرنەچچە يىل ئاچچىق يۇتۇپ يۈردۈم. مېنىڭ خۇيۇم شۇ بولغاندىكىن ئىچىم سىقىلماي تۇرالايتتىمۇ؟

سىزگە دېسەم، «پورداقچى» لىق كەسپىنىڭ مېھرى ئىسسىق بولىدۇ. چۈنكى سىز ئۆزىڭىزنى تەلتۆكۈس ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلالىسىڭىز، ئاندىن بۇ كەسپنىڭ ئەھلى بولالىغان بولىسىز. نېمە؟... غۇرۇرنى دەمسىز؟ ئۇ دېگەنچۇ، ئارتۇقچە ئۆسۈپ قالغان بىر تال پۈتقا ئوخشايدۇ. باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغىنىڭىزدا ئۇ سىزگە پۇتلىشىدۇ، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەنىنىڭ ئۈنۈمى ئۇنى ساقلىتىپ يۈرگەندىن كۆپ ياخشى.

بۇ قېتىم تازا تەلىيىم كەلدى. گەرچە بۇ نۆۋەتلىك باشلىق خېلى بەك پرىنسىپچان ئادەم بولسىمۇ، تەجرىبىدىن ئۆتكەن بىرمۇنچە ھۈنەرلىرىم بىلەن ئۇنى گىلىۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ بىرمۇنچە چاپانچىلارنىڭ بېشى بولىۋالدىم دەڭا. ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ «يالاقچى» لارنىڭمۇ سەركىسى بولىدۇ، باشلىق ئىلتىپات قىلغان نەزەر كولدۇرمىسنى بوينىمىزغا ئېسىپ سەپنىڭ ئالدىدا يۈرىدىغان گەپ. تازا قاملاشقان يېرى، ئالدىنقى باشلىق بىلەن ھازىرقى باشلىقنىڭ زىددىيىتى بارلىقى بولدى. مۇشۇ يوچۇقتىن پايدىلىنىپ، ئالدىنقى باشلىقنىڭ يېقىنلىرى ئۈچۈن بىر «قارا تىزىملىك» تۈزۈپ چىقتىم دە، باشلىققا تۇتقۇزۇپ قويدۇم. ئاقىۋەتتە ئۇلار بىر بىرلەپ قۇرت يېگەن كاۋىدەك قۇلاق تاشلىۋەتتى. ھەتتا بەزىلىرى تەن بېرىپ بىزنىڭ سېپىمىزدىكى ئاكتىپ «چاپانچى» لارغا ئايلىنىپ كەتتى. ئارىسىدا بىلىملىك، بىرنى بىر دەپ تۇرىۋالىدىغان بىر گەدىنى قورۇغۇر بار ئىدى، ئۇمۇ بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپلا ئورگان كادىرىدىن بىر ئورمان باققۇچىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇمۇ ئىشمۇ دەمسىز؟ شۇنچە قاۋسام تېخى چۈشەنمەپسىز دە، جەمئىيەتتىكى «بىرنى بىر» دەپ تۇرىۋالىدىغان ئۇنسۇرلارنى كۆزدىن يىراق قىلىش خىزمەتنىڭ ئۈنۈمى ئۈچۈن پايدىلىق، بىزدەكلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق. بۇ دېگەن رىقابەت دەۋرى دەڭا.

دەپ كەلسەم گەپ جىق. بىزنىڭ سېپىمىز دائىملا جەمئىيەت ۋە جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ مۇناسىۋەت تۇرىمىز مۇرەككەپ ۋە خىرىسقا تولغان مۇناسىۋەت تورى. بەزىدە بىلىپ تۇرۇپ ئوتقا ياكى كاچكۇلغا سەكرىشىڭىز كېرەك، بەزىدە بولسا قوزغۇنغا، بەزىدە بولسا مايمۇن، ھەتتا ئىتقا ئايلىنىشىڭىز كېرەك. قانداق قىلىسىز، كونىلار: «ئوغۇل بالىغا 27 خىل ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ» دەپ توغرا ئېيتقان. «يالاقچى» لىقنىڭ ۋاستىسى قانچە كۆپ بولسا مۇددىئايىڭىزنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن شۇنچە ياخشى. بۇ دېگەن سىزنىڭ ياشاش ئىقتىدارىڭىزنىڭ شەكىللىرىنى بەلگىلەيدۇ، ئۆزىڭىزنى سىناپ بېقىش پۇرسىتىگە ئېرىشىسىز. ياق ياق، توختاڭ! بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس پەلسەپىمىز بولغاندەك، ئۆزىمىزگە چۈشلۇق پرىنسىپىمىز بار. يەنە ئۆزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىش قارىشىغىمۇ ئىگە بىز. سىزگە دېسەم، يېقىندا بىز نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى يېڭىپ «يالاقچى» لىقنىڭ «سولامچىلىق» تۈرىنى كەشىپ قىلىپ

چىقتۇق. بۇ خىل كەشپىيات تولىمۇ ئىستراتېگىيىلىككە ئىگە، ئۇنۇمدارلىقى ئالاھىدە كەشپىيات بولدى. دەسلىپىدە باشلىق خېلى بەك ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتتى، كېيىن بولسا ئوبدانلا كىرىشىپ قالدى. ھازىر بولسا پات پات قۇتراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى سەزگەن ھامان شەھەرگە ئېلىپ كىرىمىز ياكى بولمىسا شەھەردىن تومۇچۇقلارنى ئېلىپ چىقىپ كېچىچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى سۈغۇرىمىز. ماشىنا ھۆكۈمەتنىڭ، «راسخوتىنى» سەپتىكلەر يىغىش قىلىمىز. مۇشۇ باھانىدە «سولامچى» لىقنىڭ تەمىنى بىزمۇ ئوبدانلا تېتىپ قالدۇق. نېمە؟ مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلماق دەۋاتامسىز؟ ماڭا قاراڭ، ئاپئاق خوجا ئىپارخاننى مانجۇلارغا سوۋغا قىلىۋەتكەندىمۇ مىللەت ھېچنېمە بولمىغان. يۈز تۆكمىگەنگە قورساق تويۇپ، يۈز تۆكۈلگەنگە ئورۇقلاپ قالىدىغان ئىش بولامدۇ؟ دەرەخ غازاڭ تاشلىمىسا بىخ سۈرەلمەيدۇ، بۇرادەر. مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىش، يۈزىنى تۆكۈشمۇ يېڭى دەۋردىكى بىر قاتار زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئېھتىياجىدىن بولىدۇ. بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر پەلسەپە. ئەپسۇس، بىزنىڭ بۇ كەشپىياتىمىزنى تېخىمۇ كېڭەيتىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، لېكىن پاتېنت ئىلتىماس قىلىشنىڭ ئامالى يوق دەڭا. شۇنداقتىمۇ بىز قىلچە ئۈمىدسىزلەنمىدۇق. بۇ تۇرنىڭ باشلىقىنىڭ ئالدىدىكى كوزىر تۇرگە ئايلانغىنى بىز ئۈچۈن شەرەپ. لېكىن، جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ قارغىش ھاقارەتلىرى خۇددى تاش بوراندەك يېغىپ ۋۇجۇدىمىزنى ئىت تالىغان تاپىدەك قىلىپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئاتا بوۋىمىزنىڭ يۈزىگە قان يىرىڭنى چاچقاندەك ئىش بولارمىش. ئۇلار بەزىدە بىزنى يۈزىمىزدىن يۈزىمىزگىلا «ھەي سولامچى» دەپ چاقىرىشىدۇ. ئاستا ئاستا بۇمۇ قۇلىقىمىزغا سىڭىپ قالدى. ھازىر سېپىمىزدىكىلەرمۇ بىر بىرىمىزنى «سولامچى» دەپ چىرايلىق ئاتايدىغان بولۇۋالدۇق .

پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتىمىز. ئىشلارمۇ يۈرۈشۈۋاتىدۇ. ھەر نېمە دېگەن بىلەن دەردىمىزنى ئۆزىمىز بىلىمىز، باشقىلار ئويلاپمۇ يېتەلمەيدۇ. يېقىندىن بېرى چوشقىغا ئايلىنىپ قالغان پېتىمچە چىرقىراپ يۈرۈپ چۈش كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. مەشغۇلاتلارنىڭ كۆپلۈكىدىن نېرۋام چارچاپ قالغان بولسا كېرەك...

# ئەمەلدارنىڭ ئاش قازىنى

تەرجىمە ئەسەر، ئاپتورى: جۇ خۇيخۇڭ

ئەنۋەر يۇنۇس تەرجىمىسى

مېنى باشقا ھەرقانداق ئاشقازانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەندەك ئاشقازاننى ھېچ يەردىن تاپقىلى بولمايدۇ. مېنىڭ باشقا ئاشقازانلار بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرىم شۇكى، مەن بولسام بىر ئەمەلدارنىڭ ئاشقازىنى. بولدى دېمەيلا قوياي، مېنىڭچە: «ئاشقازان بولماق تەس ئىكەن ، ئەمەلدارنىڭ ئاشقازىنى بولماق تېخمۇ تەس ئىكەن »

ھازىر مەن دائىم خوجايىنىمنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىدىن بۇرۇنقى كۈنلىرىنى سېغىنىپ قالىمەن. شۇ ۋاقىتلاردا ماڭا كېلىدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى دانلىق قارا ئاشلىق، ۋە ئاددىي تاماقلار ئىدى. مەن كۈنىگە ئۈچ قېتىم كەلگەن تاماقلارنى سالماقلىق بىلەن ئىنتايىن كىچىك ئېزىپ ھەزىم قىلاتتىم. ئاندىن كېيىن، قانغا ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە يۈرەك، ئۆپكە، تال قاتارلىق ئەزالارغا ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرەتتىم. شۇ چاغلاردا ھەرقايسى ئەپەندىلەر ماڭا باش لىڭشىتىپ، ماقۇللاپ تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈشۈپ كېتىشكەن، ھەتتا مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ھەربىر كۈنۈمنى شۇنداق مەنىلىك ئۆتكەندەك ھېس قىلاتتىم. پۈتۈن بەدىنىم ئانچە كۆچىمەيلا لۆمۈلدەش ھەرىكىتىنى قانۇنىيەتلىك ھالدا كۆچلۈك ئېلىپ بارالايتتى. بىكار قالغان چاغلىرىمدا باشقا ئەزالار بىلەن دائىم پاراڭلىشىپ تۇراتتىم. ئۇلار ئۆزىنىڭ خىزمىتى، تۇرمۇشى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى، يەنە تېخى خوجايىنىنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ تەن ساغلاملىقىنىڭ گۈزەل كېلەچىكى ئۈستىدە غەم يېيىشەتتى .

ئەمما، خوجايىنىنىڭ مەنسىپى ئۆسۈشكە ئەگىشىپ، ئۇنداق ياخشى كۈنلەر بىر كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىدى. خوجايىن مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن شۇ كۈندىن باشلاپ بىز بىرخىل قايغۇلۇق ھالەتكە گىرىپتار بولدۇق. ئاشۇ نەچچە كۈن خوجايىنىنىڭ ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى، دوستلىرى، كەسپىي ئىشلىرى بىلەن كېلىپ-كېتىپ تۇرغانلار، ھەممە ئۆزلىرىنى دەڭسەپ باقىدىغانلارنىڭ باردى-كەلدىسى بېسىقمىدى. خوجايىن كېچە-كۈندۈز ئۆزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئۈستەللەردە رومكا كۆتۈرۈش بىلەن بەند بولۇپ كەتتى. چوڭ بېلىق، چوڭ گۆشلەرگە قوشۇلۇپ زەھەردەك ئاچچىق بىر خىل سۇيۇقلۇق ئۆزۈلمەستىن ئىچىمگە قويۇلۇشقا باشلىدى.

http://ilkitap.blogbus.com

چارچىغىنىمدىن كېچەر-كۈندۈز ئىشلەپ ھالىمدىن كەتكىنىمنى دېمەيلا قوياي .

بارماق بىلەن ھېسابلاپ كۆرسەك، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىدىن باشقارما باشلىقلىقىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە خوجايىنىمنى تەلىيى ئۇڭدىن كەلدى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ماڭا نىسبەتەن بۇ جەريانلار قارا باسقاندەكلا ئىش بولدى. بۇ خىل قورقۇنچلۇق چۈش بىر باشلىنىپلا ھېچ ئاخىرلاشمىدىغاندەك قىلمايتتى. نەچچە يىللاردىن بېرى خوجايىنىنىڭ مېھماندارچىلىقى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ باردى. مەن ئىشلىرىم تۈگىمەي تۇرۇپلا سىمنا قوشۇپ ئىشلەيتتىم. ئاخىرى ھېرىپ ھالىمدىن كېتىپ ۋاي داد، دەپ كەتتىم. زىيانلىق ماددىلارنىڭ ئاشقازان، ئۈچەيگە چۈشۈشى بىلەن ھەممىزنىڭ ئىقتىدارى قالايمىقانلىشىپ چاتاق چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشقا ئەزالارمۇ بەس-بەس بىلەن ماڭا ئۆز پىكىرلىرىنى ئېيتىشتى. جىگەر مەندىن بىزار بولۇپ، ئۆزىگە كېلىدىغان ماي مىقدارىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن نارازى بولدى. تىرە ئاستى توقۇلمىسى مەن ئىشلەپ چىقارغان ئوزۇقلۇقلاردىن ئېشىپ قالغانلىرىنىڭ جىگەرگە يىغىلىپ قالغانلىقىدىن خاپا بولدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە قانمۇ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەنلىكتىن، يۈز غوتۇلداپ ئۆزىگە زادى كىمنىڭ زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى بىلەلمەي يۈرەتتى. قاننىڭ يېپىشقاقلىقى خېلىلا ئېشىپ كەتكەن ئىدى !

مەن «بۇ دەردىمنى كىمگە ئېيتاي» . مەن يوشۇرۇن ھالدا يۈرەك، مېڭىلەرگە سىلەر نېمىشقا بىرلىشىپ خوجايىنغا نەسىھەت قىلالمايسىلەر، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ دېسەم. ئۇلار ماڭا قاراپ مۈرىلىرىنى قىسىشىپ، قوللىرىنى قويىۋېتىشىپ ئامالسىزلىقىنى ئىپادىلەشتى. ئەكسىچە ئۇلار تېخى ماڭا تەسەللى بېرىپ، يەنىلا بەرداشلىق بېرىشىمنى، خوجايىنىنىڭ ئارزۇسى بويىچە، ئۆستۈرۈلىدىغان ئىدارىگە شېرىك بولۇشۇمنى كۈتۈپ تۇرۇشۇمنى، ئۇنچە جان پىدالىق كۆرسىتىپ كەتمەسلىكىمنى ئېيتىشتى. مەن ھەسرەت چېكەتتىم، ھەي، ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئاخىرى نەگە بېرىپ توختىشىنى پەقەت ئالۋاستىلا بىلىدۇ !

شۇ كۈنى سەھەردە مەستلىكتىن ھوشۇمغا كېلىپ، پەقەت خوجايىنىنىڭ قورسىقىنى سىلىغىنىچە خانىمغا ھەسرەتلىنىپ تۇرۇپ :

---ئەمەلدار بولۇپ ياشىماق ئاسان ئەمەس ئىكەنغۇ، مەن ئاشقازىنىمنى بۇزۇپ، سالامەتلىكىمنى يامانلاشتۇرۇۋالدىم!---دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم .

قانداقلىكى بولمىسۇن خوجايىنىنىڭ مېنى ئېسىگە ئالمىقى ئاسان ئەمەس. تۇيۇقسىز بىر ۋاقىتتا مەن كۆز چانىقىمنىڭ بىردىنلا قىزىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم، ھە، يامغۇر ياغىدىغان بولدى !

# ھېسابلاپ چىققىلى بولمايدىغان ھېسابلاش سوئالى

تاش بۇتخانا(شمىياۋ) يېزىسى ئەجدىھا ئەگمى(لۇڭۋەن)بازارلىق 2-باشلانغۇچ مەكتەپ 4-يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىغا 3-سائەتتە ھېساب دەرسى بار ئىدى، كونكرېت مەزمۇنى قوشۇش ئېلىش مەسىلىرىنى تەكرارلاش ئىدى. دەرسخانىدا جانلىق كەيپىيات يارىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ھېسابلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، دەرس باشلىنىش قوڭغۇرىقى چېلىنغاندىن كېيىن، لىۋ مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا مەسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغۇزۇپ، ئۆزىگە جاۋاب بەرگۈزۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزى خۇلاسە قىلىپ بەرمەكچى بولدى. ئوقۇغۇچىلا بۇنىڭدىن ئىنتايىن يېڭىلىق ھېس قىلىشىپ، لىۋ مۇئەللىمنىڭ بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا بىردەك ئاۋاز قوشۇشتى .

خۇ يۈچى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارقىسىدىكى ساۋاقداشلارغا قاراپ كۆرەڭلىگىنىچە :

---دادام ئېسىلزادىلەر( دىخاۋ) مەيخانىسىدا مېھمان چاقىرغان ئىدى، ئىككى بوتۇلكا ماۋتەي ھارىقى ئىچىلدى، ھەر بوتۇلكىسىنىڭ باھاسى ئۈچ يۈز يۈەن، ئىككى قاپ قىزىل مۇنار(خوڭ تاسەن) ماركىلىق تاماكىدىن ئالدى، ھەر قېپىنىڭ باھاسى يۈز يۈەن، سەككىز قاچىلىق يەل قازان تامىقى ئۈچۈن 1200يۈەن خەجلىدى. سىلەر دەپ بېقىڭلار، دادام بۇ قېتىمقى مېھماندارچىلىقتا جەمئىي نەچچە پۇل خەجلىدى؟--- دېدى. لىۋ مۇئەللىم يوقلىمىغا قاراپ ساۋاقداش خۇاڭ تۇدىنى جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇدى. خۇاڭ تۇدى چاچلىرى قالايمىقان پاخپىيىپ كەتكەن بېشىنى قاشلاپ، بىرھازا ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن :

---خۇ يۈچىنىڭ دادىسى بۇ مېھماندارچىلىق ئۈچۈن بىر كالىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ،--- دەپ جاۋاب بەردى. ساۋاقداشلار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەيران قېلىشقىنىدىن كۈلۈشۈپ كېتىشتى. لىۋ مۇئەللىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغان بولسىمۇ، تېشىغا چىقارمىدى، ئەمما، كۆڭلىدە خۇاڭ تۇدىنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى بولماپتۇ، ئۇ نېمانداق غەلىتە ئىش چىقىرىدىغاندۇ، دەپ ئويلىدى. خۇاڭ تۇدى مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلىرىغا قاراپ، يۈرەكلىك ھالدا :

---دېگەنلىرىم خاتا ئەمەس، ئانامنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن شەھەردىكى دوختۇرخانىغا ئاپارغان ئىدۇق، دادام پۇل تاپالماي، ئۆيىدىكى كالىنى ئىككى مىڭ يۈەنگە ساتقان،---دېدى. لىۋ مۇئەللىم چىن كۆڭلىدىن قايىل بولغان ھالدا كۈلۈمسىرىگىنىچە، بېشىنى لىڭشىتىپ :

---ساۋاقداش خۇاڭ تۇدىنىڭ جاۋابىنىڭ داۋلىسى بار...دېدى. مۇئەللىمنىڭ سۆزى ئاياغلاشماي تۇرۇپلا خۇيۈچىنىڭ ئاغزىنى كالچايتقىنىچە ھجىيىپ قوپۇپ مۇنداق سوئالنى ئوتتۇرىغا قۇيدى :

---خۇاڭ تۇدىنىڭ جاۋابى خاتا ئەمەسمۇ؟

---قانداقسىگە توغرا بولمىسۇن،---دېدى ليۇ مۇئەللىم. خۇ يۇچى كۆرەڭلىگىنىچە :

---مېنىڭ دادام بىر موچەن پۇلىنمۇ خەجلىمىدى، ئۇ پەقەت تالونغا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويسىلا بولدى،---دېدى. ليۇ مۇئەللىم شۇ ۋاقىتتىلا ئاندىن خۇيۇچىنىڭ دادىسىنىڭ مۇئاۋىن بازار باشلىقى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. ليۇ مۇئەللىم ھەق-ناھەققە قانداق ھۆكۈم قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ، بۇ ئاچماق سۆز تېمىسىدىن ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن، خۇاڭ تۇدىنى مەسلە ئوتتۇرىغا قويۇشقا بۇيرۇدى .

خۇاڭ تۇدى بۇرنىنى تارتىۋەتكەندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ، سوئالنى ئوتتۇرىغا قويدى :

- مېنىڭ دادام بىر يىل تىرىقچىلىق قىلىپ 900جىڭ بۇغداي، مىڭ جىڭ كۆممە قوناق ئالدۇ. بۇغداي بىلەن قوناقنىڭ ھەربىر جىڭى ئوخشاشلا ئالتە مو؛ ئۆيدىكى كالا ئىككى مىڭ يۈەنگە سېتىلدى، كەنت يىللىق ھېساباتتىن ئائىلىمىزگە نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن ئىككى يۈز يۈەن بەردى؛ شەھەردە ياردەمگە تايىنىپ ئوقۇۋاتقان تاغام بىر يىلدا بەش يۈز يۈەن بېرىدۇ. دادام بۇنىڭدىن ئورۇق سېتىۋېلىش ئۈچۈن 90يۈەن، خىمىيىۋى ئوغۇت سېتىۋېلىش ئۈچۈن 300يۈەن، دورا چېچىش ئۈچۈن 20يۈەن، تراكتوردا يەر ئاغدۇرۇش ئۈچۈن خەقلەرگە80يۈەن بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر يىل ئىچىدە يۇقىرىغا ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى، قان بېجى(مال-چارۋىنى سويۇش بېجى)، پىلانلىق تۇغۇت ھەققى، خەلق ئەسكەرلىرىنى مەشقلەندۈرۈش ھەققى، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى ھەققى، مائارىپ ھەققى ۋە كەنت كادىرلىرىدا قالدىغان ھەقلەرنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن 800يۈەن چىقىم بولىدۇ. ئائىلىنىڭ تۇز، كۆمۈر، كىيىم-كېچەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن 700يۈەن خەجلىنىدۇ، كەنت شىپاخانىسىدا 190يۈەن قەرز بار. ئانام شەھەرگە كېسەل كۆرسەتكىلى بېرىپ 2900يۈەن چىقىم بولدى. سىلەردىن سوراپ باقاي، بىزنىڭ بىر يىللىق كىرىمىمىز قانچە پۇل بولىدىكەن؟

ليۇ مۇئەللىمنىڭ بۇرنى ئېچىشىپ، ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ، زورىغا كۈلۈمسىرەپ :

---بۇ مەسلىنى ھېسابلىغىلى بولمايدۇ......كىمنىڭ يەنە ئاددىيراق مەسلىلىرى بار؟---دېدى .

ليۇ جيا جيې ئورنىدىن تۇرۇپ :

---مېنىڭ دادام بازارلىق ساقچىخانىدا ئىشلەيدۇ، ھەر ئايلىق ئىش ھەققى مىڭ يۈەن. ئائىلىمىزدىكى ئالتە جاننىڭ ھەممىسى دادامنىڭ تۆرمۇشىغا تايىنىدۇ، ئائىلىمىزنىڭ ھەر ئايلىق ئىستېمال چىقىمى 600يۈەن، بۇ يىل ئۆيىمىزنى زىننەتلەش ئۈچۈن 12مىڭ يۈەن خەجلىدۇق، بىر چەت ئەل موتۇسىكلىتىنى توققۇز مىڭ يۈەنگە سېتىۋالدۇق. سوئال: يىل ئاخىرىدا دادامنىڭ مائاش كارتىسىدا

يەنە قانچە پۇل قالدۇ؟---دېدى. ليۇ مۇئەللىم :

- بۇ سوئال ناھايىتى ياخشى ئوتتۇرىغا قويۇلدى....تۆۋەندە ساۋاقداش ۋاڭ لىك بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ باقسۇن، دېدى. ۋاڭ لىك نازلىنىپراق ئورنىدىن تۇرۇپ :

- ليۇ جياجيېنىڭ دادىسىنىڭ بىر يىللىق مائاشى12مىڭ يۈەن، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىر يىلدا جەمئىي28مىڭ ئىككى يۈز يۈەن چىقىم قىلىپتۇ، ليۇ جياجيېنىڭ دادىسىنىڭ مائاش كارتىسىدا پۇل بولماسلىقى كېرەك،---دەپ جاۋاب بەردى. ۋاڭ لىڭنىڭ گېپى ئاياغلىششى بىلەنلا، ليۇ جياجيې تاتىرىپ، ئىنتايىن كۆرەڭلىگىنىچە :

- ساڭا دەپ قوياي، دادامنىڭ مائاش كارتىسىدا 12مىڭ يۈەن بار، بىز ئادەتتە دادامنىڭ مائاش كارتىسىنى ئەسلا مىدىرلاتمىدۇق،---دېدى. ليۇ مۇئەللىم ليۇ جياجيېنىڭ دادىسىنىڭ ساقچىخانىنىڭ باشلىقى، شۇنداقلا بىر ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا ما فۇگۇي ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى ئالدىراپ-تېنەپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەسلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ بىر دېھقانىنىڭ بالىسى بولۇپ، ھەرقانداق ئىشنى ئېنىق سوراپ بىلىۋالماي قەتئىي بولدى قىلمايتتى .

ما فۇگۇي بىردەم بۇرنىنى تارتقاندىن كېيىن، قىزارغىنىچە :

---مېنىڭ دادام كەنتتە بىر ماگىزىن ئاچىدۇ، تەخمىنەن بىر كۈندە 80يۈەنلىك مال سېتىلىدۇ، ئەسلى باھاسى60يۈەن ئەتراپىدا، ھەر يىللىق تاپاۋەت بېجى بىلەن باشقا تۈرلۈك ھەقلەر ئۈچۈن 1200يۈەن تاپشۇرىدۇ. سوئال: مېنىڭ دادام بىر يىلدا جەمئىي قانچىلىك پايدا ئالىدۇ؟---دېدى .

ليۇ مۇئەللىم ئۇنى ماختاپ :

- بۇ سوئالنىڭ ياخشى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ساۋاقداش لى مىڭ بۇ سوئالغا سىز جاۋاب بېرىڭ،---دېدى.

لى مىڭ بېشىنى سالغىنىچە بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن :

- بىر يىلنى360كۈن دەپ ھېسابلىغاندا، ھەر كۈنى ئەسلىدىكى باھاسىنى چىقىرىۋەتكەندە 15يۈەن ئېشىپ قالىدۇ،ئىككى سانى كۆپەيتكەندە 5400يۈەن بولىدۇ، باج تاپشۇرۇشقا كېتىدىغان پۇلنى ئېلىۋەتكەندە4200يۈەن بولىدۇ،---دېدى. ليۇ مۇئەللىم دەرھال باھا بەرمەكچى بولۇپ، ما فۇ گۇيگە قاراپ باش چايقىغىنىچە :

- لى مىڭنىڭ جاۋابى توغرىمۇ؟-دېدى. ما فۇ گۇي قاپىقىنى سۈزۈپ، ليۇ مۇئەللىمگە قاراپ تەمكىنلىك بىلەن :

- خاتا؟ كەنتتىكىلەرنىڭ نەرسە كېرەك سېتىۋېلىشقا پۇلى يوق، دائىم دېگۈدەك ئاق ھۆججەت يېزىپ بېرىدىغان تۇرسا....يىل ئاخىرىغا بارماي دادامنىڭ دوكىنى تاقىلىپ قالامدۇ،---دېدى. ليۇ مۇئەللىم بۇ

زەربىدىن بىرھازاغىچە ئىنكاس قايتۇرالماي تۇرۇپ قالدى، كۆڭلىدىكى گەپنى قىلغاندا بۇگۈن قانداقسىگە بۇنداق غەلىتە مىساللار ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغاندۇ، دەپ ئويلاۋاتاتتى .

بەزى ساۋاقداشلار :

- بىزگە بۇ مەسىلىلەرنى ھېسابلاتقۇزماي ، لىۋ مۇئەللىم ئۆزىڭىزنىڭكىنى ھېسابلاپ بېرىڭ،-دېيىشتى. لىۋ مۇئەللىم :

-مەن قانداقمۇ ھېسابلىيالايمەن؟ ئايلىق مائاشىم 650يۈەن، ئۆتكەن يىلى پەقەت ئون ئايلىقنى تارقاتتى ...

تۇساتتىن دەرستىن چۇشۇش قوڭغۇرىقى چېلىندى. لىۋ مۇئەللىم يېنىك بىر تىنىپ، ئالدىراش ھالدا دەرستىن چۈشۈشنى جاكارلىدى .

ئەنۋەر يۈنۈس تەرجىمىسى

يوللىغۇچى : ئەنۋەر يۈنۈس ئادرېسى : مارالبېشى ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش-تەتقىقات ئىشخانىسى

# ئېغىز ۋە قۇلاق

تەرجىمە ئەسەر، ئەسلى ئاپتورى : سۈي گېڭخې

نېمە ئۈچۈن ئادەملەردە بىر ئېغىز ئىككى قۇلاق بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە ياراتقۇچى ئىنتايىن دانىشمەن بولۇپ، ئادەملەرنى ئاز سۆزلەپ كۆپ ئاڭلىسۇن دەپ ئاشۇنداق ياراتقان. يەنە ئادەملەرنىڭ كۆپ سۆزلەپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېغىزنىڭ ئىككى تەرىپىگە لەۋنى يارىتىپ، ئېغىزنى يۇمۇشقا توغرا كەلگەندە چوقۇم ئېغىزنى يۇمۇشقا ئەسكەرتكەن. ئادەملەرنىڭ كۆپرەك ئاڭلىشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن قۇلاقنى مەڭگۈ ئوچۇق ھالەتتە ياراتقان، يەنە قۇلاق ئىچىگە ئالاھىدە قۇلاق دەھلىزىنى يارىتىپ، ئۇنى چىرايلىق تۈسكە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، باشقىلارنىڭ كەينىدىن قىلىنغان قورۇق غەيۋەت -شىكايەتلەرنى ئاڭلىمىسۇن دېگەن .

ئەمما، رېئاللىقتا ئادەملەر ئېغىز ۋە قۇلاقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالماي، ياراتقۇچىغا باش ئاغرىقى تېپىپ بەردى. ئادەملەر ھامان سۆزلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاڭلاشقا سەل قاراپ كەلدى. گەپ قىلمايدىغان ۋاقىت ۋە قىلسا بولمايدىغان گەپ سۆزلەرنىمۇ پەرق ئەتمەستىن توختىماي سۆزلىدى، ئەمما، ئاڭلاشقا تېگىشلىك گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىماستىن قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇۋېلىشتى. دۇنياغا مەشھۇر مۇخبىر مارك سىن دۇنيادىكى كۆپلىگەن مەشھۇر شەخسلەرنى زىيارەت قىلىپ كۆرۈپ، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ باشقىلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرالماسلىقىدىكى سەۋەبنىڭ قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاشقا سەل قارىغانلىقى......ئۇلارنىڭ زوق-شوق بىلەن سۆزلەپ،باشقىلارنىڭ ئۆزىگە نېمە دەۋاتقانلىقىغا قەتئىي قۇلاق سالمايدىغانلىقىدىن بولغانلىقىنى بىلگەن. شۇڭا، ئۇ مۇنداق يەكۈن چىقارغان: كىشىلەرنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىز بولۇشى سۆزلەش ئىقتىدارىغا باغلىق .

ئەگەر ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق، ياخشى ئوبرازنى تىكلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن، بىر ياخشى ئاڭلىغۇچى بولۇشتا پۇت تىرەپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. مارك سىن بىزگە مۇنداق بىر مەخپىيەتلىكنى دەپ بەرگەن:" سىز بىلەن پاراڭلاشقان ئادەم، ئۆزىنىڭ ئىشنى ھامان سىزنىڭ ئىشىڭىزدىن قىزىقارلىق دەپ قارايدۇ." بۇ مەخپىيەتلىكنى ئەستە

مەھكەم تۇتتۇۋالغاندا، كۆكۈل قويۇپ ئاڭلاش ئارقىلىق خىلمۇ-خىل گۈزەللىكنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ، چۈنكى«كۆكۈل قويۇپ ئاڭلاش ئارقىلىق ھەرقانداق يەردە بىلىم ئالغىلى بولىدۇ» ئۇنداق ئەمەسمۇ، دەرسخانىدا، كىشىلىك ئالاقىدە، پايدا ئالغۇچى ھامان پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن كۆكۈل قويۇپ ئاڭلايدىغانلار بولىدۇ، ئالغا باسقۇچىلار جەزمەن پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلىغۇچىلار بولىدۇ. غەرب پەيلاسوپلىرى ئارىسىدا «"دۇنيا زەن سېلىپ ئاڭلىغۇچىلارغا مەپتۇن "» دېگەن سۆزلىرىدىمۇ يەنىلا بۇ خىل داۋلى بار .

گەرچە سۆزلىگۈچى ھەمىشە چاۋاك ۋە ئالقىشقا ئېرىشكەن بىلەن، بىراق ئاشۇ چاۋاكمۇ ئىككى ئالىقاندىن چىقىدۇ، ئالقىش بولمىسىمۇ مۇۋاپىق بولمايدۇ. كۆكۈل قويۇپ ئاڭلىغۇچىلار بولسا ناھايىتى كۆپ قوللاشقا ئېرىشىدۇ، قوللاش دەل ئۆزىنىڭ قەلبىدىن چىققان بولىدۇ. ھەرقانداق سورۇندا، ھەرقانداق ئادەم كۆكۈل قويۇپ، بىر ئوي-پىكرىنى بىر يەرگە يىغىپ، كۆكۈل قويۇپ ئاڭلىغۇچىلارنى تۆۋەن مۆلچەرلىمەسلىكنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، بۇددا دىنىي ئەقىدىسىدە بۇددا دىنى مۇخلىسلىرى،«گەپ قىلماسلىق» ئارقىلىق نىرۋاناغا يېتەلەيدۇ .

كۆپ سۆزلەش سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىگە بالا-قازا ئېلىپ كېلىدۇ، ئاڭلاشتا بولسا جەزمەن ئۇنداق بالا-قازادىن ساقلانغىلى بولىدۇ. خۇددى جىمجىت ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا ماڭغاندا، كۆزنىڭ رولىغا تايىنىشلا كۇپايە قىلماستىن، قۇلاق ئارقىلىق پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ئەتراپنى كۆزىتىپ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئاۋاز چىقىرىپ ئۆزىگە بالا تېپىۋېلىشتىن ساقلانغاندەك بىر ئىش .

يوللىغۇچى : ئەنۋەر يۇنۇس ئادرېسى : مارالبېشى ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش-تەتقىقات ئىشخانىسى

تاللاپ بېكىتكۈچى مۇھەررىر: دىلشات ئىدرىس

# تەگرىنىڭ شاپائىتى

تەگرى ھەقىقەتەنمۇ قۇدرەتلىك ھەم سېخى ئىكەن .

بەزىلەر"رىزقىمىزنى ياراتقان ئىگەم ئۆزى بېرىدۇ"دەپ كۈنلىرىنى ھۇرۇنلۇقتا ئۇخلاپ ياكى ئويۇن ئويناپ بىكار ئۆتكۈزىۋېتىۋىدى، دەرۋەقە تەگرى ئۇلارغا تېگىشلىك نېسىۋىسىنى بەردى .

تەگرى ئۆمرىدە نۇرغۇن پۇلى بولۇشنى، راھەت-پاراغەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان،ئۇخلىسىمۇ پۇل چۈشەيدىغان،ئەمما ئۆز تەقدىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنى،راھەتتە ياشاش ئۈچۈن تەر تۆكۈپ ئەمگەك قىلىشنى،جاپا چېكىشنى خالىمايدىغان،"بەرسەڭ يەيمەن،ئۇرساڭ ئۆلىمەن"دەپ،غايىبتىن ئامەت كۈتۈپلا يۈرىدىغان بەزى پۇلپەرەس،راھەتپەرەس كىشىلەرگە جاھاندىكى جىمىكى غۇربەتچىلىك،يوقسۇزلۇق ۋە گادايلىقنى ئاتا قىلدى.بىرەر ئەمەل-مەنسەپكە ئېرىشىپ،باشقىلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ياشاشنى،باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆز ھەيۋىسىنى نامايان قىلىپ،يۇقىرى مەرتىۋە ۋە چوڭ يۈز ئابرۇيغا ئېرىششنى ئارزۇ قىلىپلا يۈرىدىغان،ئەمما ئۆز ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ باشقىلارنى ئويلاپ باقمىغان،باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى،جاپا چېكىشنى بولسا ئەسلا خالىمايدىغان،ھەتتا نېمىنىڭ ھەق،نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى توغرا تەپەككۇر قىلالىغۇدەك ئەقلىمۇ بولمىغان بەزى ئەمەلپەرەس،ئابرۇيپەرەس ۋە شەخسىيەتچى كىشىلەرگە بولسا جاھاندىكى جىمىكى پېقىرلىق،موھتاجلىق ۋە ئىتائەتمەنلىكنى ھەدىيە قىلدى ....

ھەتتا ئاخىرى ئۇلارغا يەنە ئۆلۈمنىمۇ قوشۇپ بەردى .

يوللىغۇچى : ئىمىن مەھەممەت (ئوقۇغۇچى)

ئادرېسى : قەشقەر مالىيە-سودا مەكتەپ 2005-يىللىق بوغالتىرلىق سىنىپىدىن

تاللاپ بېكىتكۈچى مۇھەررىر: دىلشات ئىدرىس

# مەن بىلەن توي قىلىشنى خالامسىز

مەن تېببىي ئۇنىۋېرستېتنى پۈتتۈرگەن ئالىي مەلۇماتلىق، كېلىشكەن يىگىتمەن .ھەرقانداق توي ئىشنى ئويلىشىۋاتقان قىزلارنىڭ ئەڭ نەمۇنە تاللاش ئوبيېكتى بولالايمەن. مەن بىلەن توي قىلسىڭىز: دوست - دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ كۆزىدىن ئوت ، بۇرنىدىن قان كەتكۈزەلەيسىز .

مەن ئالىي مەلۇماتلىق ياش ھەم رومانتىك ئىلھاملارغا باي.ھەرگىزمۇ سىزنىڭ كىيىنىش .يەپ ئىچىش پائالىيەتلىرىڭىزگە ئارىلاشمايمەن. بولۇپمۇ پادىچىلار ئىشتىنىنى كەيمە ، ئايال كىشمۇ ھاراق ئىچەمدۇ ؟دېگەندەك قالاق گەپلەرنى قىلىپ سىزنى بىئارام قىلمايمەن ،6يىللىق ئالىي مائارىپ مەندە ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىدىن ئورتاق ھۇزۇرلىنىشتىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل ئىنتېرناتسيۇنال روھنى يېتىلدۈردى.بۇ توغرىسىدا مەن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياشلىقى ۋە بارلىقىنى ئايىماي تەقدىم قىلغان قىز ساۋاقداشلىرىمغا رەھمەت دەڭ .

مەن ناھايىتى ئۇياتچان، ياتلار بىلەن سۆزلەشكەندە كۆزىگە تىكىلىپ قارىيالمايمەن. كۈچۈم يەتمىگەن ئىشقا كىرىشىۋېلىپ بىھۇدە ئاۋارە بولمايمەن. تاماكا تاشلاشنى قانچە قېتىم جاراڭلىق ،جاراڭسىز ،ھسىياتلىق، ھېسسىياتسىز ھالدا ئىرادە قىلغان بولسامۇ ھازىرغىچە تاشلىيالمىدىم. مەن بىلەن توي قىلسىڭىز:كەچلىك ئولتۇرۇش بەزمىلەرگە بەخىرامان قاتنىشىپ ئەل جامائەتلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدا ئادەمگەرچىلىكنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ زور شۆھرەت قازىنالايسىز.سەرخىل جىنسلاردىن دىلكەش دوست تۇتالايسىز. بالىلىق بولۇپ قالساقمۇ كارايىتى چاغلىق،مېنىڭ ئانام گەرچە 60تىن ئاشقان بولسىمۇ بالىغا قاراش ۋەزىپىسىدىن تامامەن چىقالايدۇ ، ئەلۋەتتە ئائىلە ئىقتىسادىمىزغا مىنىڭ ئارىلاشقۇم يوق، سىزنىڭ كىيىم - كېچەك ياسىنىش تارىنىشتا دوست - دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالغىنىڭىزنى كۆرسەم چىدىيالمايمەن. شۇڭا ئىقتىساد ئەركىنلىكىنى سىزگە بېرىمەن.

ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ناشتا قىلىدىغان ۋاقتىم ساناقلىق . مەن بىلەن توي قىلسىڭىز، فىگۇرىڭىزنى ئەسلى پېتى ساقلىيالايسىز؛مېنىڭ كېلىشكەن قامىتىم ۋە ھۆسنۈم ئەتىگەندە سىزگە چەكسىز ئىستېتىك ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.كەچتە كەلمەي سەھەرگە ئۆلگۈرۈپ كەلسىڭىزمۇ بىلمەي يېتىۋېرىمەن .ياشسۇن ئەركىنلىك~! كۆڭلىڭىزنى ھەرگىز پاراكەندە قىلمايمەن.

مىنىڭ ھازىرقى مال مۈلۈك بىساتىم ھەر ھالدا ئىككىمىزنىڭ توي ئىشىغا يېتىدۇ. دادام رەھمەتلىكتىن قالغان ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي بار .

ھازىرچە ئانام يالغۇز ئولتۇرۇۋاتىدۇ ،توي پۈتسە ئانامغا كىچىكرەك ئۆي ئىجارە ئېلىپ بېرىپ ئىككىمىز دادامدىن تەۋەررۈك قالغان ئۆيدە ئولتۇرىمىز. دېمىسىمۇ يالغۇز ئانام بۇ چوڭ ئۆيدىن قورقىدۇ. ئۆزىمۇ بۇ ئۆينى ساتقا ئاتاپ قويدۇم دەپ نەچچە ئېيتقان .

يوللىغۇچى : سەرگەندار ئادرېسى : قاراماي

تالاپ بېكىتكۈچى مۇھەررىر: دىلشات ئىدرىس

# بىر سۆزلۈك پەرق

**خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش خەلق پۇلى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئۆزگەردى،ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇش باشلىققا ۋاپادار بولۇشقا ئۆزگەردى، خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلىش يەپ - ئىچىشنى تەتقىق قىلىشقا ئۆزگەردى،مەن ئاۋام ئۈچۈن ئاۋام مەن ئۈچۈنگە ئۆزگەردى، ئاما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش رەھبەرلەر بىلەن زىچ ئالاقە باغلاشقا ئۆزگەردى، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش ئەۋزەللىكنى چىقىش قىلىشقا ئۆزگەردى،ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش رەھبەرلىك لۇشيەندە مېڭىشقا ئۆزگەردى،جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش جەمئىيەتتىن نەپ ئېلىشقا ئۆزگەردى .**

**..»»)فېلىيەتون ئايلىق ژۇرنىلى،،2005-يىللىق 12-سانىدىن تەرجىمە قىلىنغان (.**

**يوللىغۇچى : رۇزىمەمەت جېلىل   ئادرېسى : شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇچۇر پەن -تېخنىكىسى ئىنستىتۇتى**

**2004-يىللىق 6-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى**

**تاللاپ بېكىتكۈچى مۇھەررىر: دىلشات ئىدرىس**

# خوتۇنلارغا 19 ماددىلىق تۈزۈم

ئەكبەر ئابلىمىت

مۇشۇ كۈنلەردە خوتۇن خەقنى باشقۇرماق بەكلا تەسلىشىپ كېتىپ بارىدۇ. ئەجدادلىرىمىز خوتۇن دېگەننى ئارا كۈندە بىر قامچىلاپ يىكتەك قىلىپ باشقۇرۇپتىكەن، بىزگە كەلگەندە بۇ ئەنئەنە بۇزۇلدى. ئۇرساڭ خوتۇن زومگەرى دەيدۇ، ئۇرمىساڭ قول قىچىشىپ ئادەمنى شۇك ئولتۇرغىلى قويمىغان.

زامان تەرەققىي قىلغانسېرى،ھەممە ئادەمنىڭ كاللىسى ئېچىلىپ سەگەكلىشىپ كەتكەنسېرى، خوتۇننى ئۆزۈڭنىڭ دېگەن يېرىگە ئاپارمىقىڭ، كىرپىك كۆتۈرۈپ قارىيالماس قىلىۋەتمىكىڭ ئوڭاي ئەمەسكەن. شۇڭا ، خوتۇننى تۈزۈم ئارقىلىق باشقۇرۇش بىردىنبىر ياخشى چارە بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلەۋاتقان ئىدارە-ئورۇنلارمۇ بىزنى تۈزۈم ئارقىلىق راۋۇرۇس ئادەم قىلدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ تۈزۈممۇ شۇنىڭغا تەقلىد قىلىندى.

خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ يېگىلاش ، ئاۋام پۇقرانىڭ ئائىلە ئىنتىزامىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئائىلىلەرنىڭ نورمال تەرتىپىنى ساقلاش ۋە ئاياللارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەزكۇر «تۈزۈم» تۈزۈپ چىقىلدى.مەزكۇر تۈزۈم چوڭ-كىچىك شەھەر، ناھىيە بازارلىرىدىكى باشباشتاق، تۇرمۇشى تەرتىپسىز ياش چوكانلارغا تەتبىقلىنىدۇ؛ ۋۇجۇدى پاك، سەممىي، مۇلايىم، كۆيۈمچان، ۋاپادار ئاياللارغا ماس كەلمەيدۇ. ئەھلى مەزلۇملىرىمىز ۋاقىپلانغاي :

1. خوتۇن كىشىنىڭ ئېرىنى سۆيۈش ۋە ئۇنى قەتئىي ھىمايە قىلىش، ئېرىنىڭ يېتەكلىشىگە مۇتلەق بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. ئائىلىۋى مەشغۇلات ۋاقتىغا قاتتىق ئەمەل قىلىش، ئەتىگىنى سائەت 6 دە ئورنىدىن تۇرۇپ ناشتىلىق تەييارلاش (ئۆلچىمى ھەر بىر ئائىلە ئەزاسى ئۈچۈن بىر كوي)، ۋاقتىنى كېچىكتۈرمەسلىك- ھۇرۇنلۇق قىلماسلىق، كەچتە سائەت 11:30دىن كېيىن ئۇخلاش ۋە ئۇخلاشتىن بۇرۇنقى يۈز يۇيۇش ۋاقتى 3 مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەسلىك؛ بىر كۈن جاپالىق ئىشلىگەن ئېرىنىڭ بەدىنىنى تۇتۇپ قويۇش، بالىنىڭ قىيا-چىيا قىلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇ جەھەتتە

http://www.uyebook.com

لىگىتاسمىلىق قىلماسلىق، غۇدىرىماسلىقى لازىم. مۇلازىمەت سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىش مەنئى قىلىنىدۇ، ھېيت-بايرام ۋە ئارام كۈنلىرى دەم ئېلىش چەكلىنىدۇ.

2.خوتۇن بولغۇچى تەربىيلىنىپ تۇرۇشى، ئاشپەزلىك تېخنىكىسىنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن سىرت، يەنە ئۆينى ئالىي مېھمانسارايلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە رەتلىك تۇتۇشى ، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تېبابەت ساۋاتلىرىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

3. خوتۇن بولغۇچى ھەر ۋاقىت ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ئائىلىدە رەتسىز ، قالايمىقان كىيىنىپ يۈرمەسلىكى(ئۇخلاش كىيىمى بۇنىڭ سىرتىدا)؛ سىرتقا چىققاندا، ساڭگىل-سۇڭگۇل، ئالا-بۇلىماچ كىيىملەرنى كىيىپ يۈرمەسلىكى، «ئاشخانىغا كىرگەندە ئۇستا ئاشپەز، ئاشخانىدىن چىقىپلا لەۋەن يارلار» بولۇشى كېرەك.

4. خىزمەتتە بولسا، ھەر ئايلىق ئىش ھەققى، مۇكاپاتى ۋە بارلىق كىرىملىرىنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم تولۇقى بىلەن ئېرىگە تاپشۇرۇشى ھەم بۇنىڭغا قارشى ئىدىيىدە بولماسلىقى، يوشۇرۇن پۇل ساقلىماسلىقى؛ ھەر كۈنلۈك چىقىمى 10 كويدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى (ھېيت-بايرامدىن سىرت)كېرەك.ئەركىشىدە ئايالىنىڭ چىقىم ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇش، سۈرۈشتە قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

5. ئەرنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئورنىدا كۆرۈپ كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئاسرىشى ، ھۆرمەتلىشى لازىم. ھەدىسىلا بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ ئائىلىنىڭ ئىناق كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈشكە رۇخسەت يوق .

6.ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئايالىنىڭ تۈرلۈك نامالاردىكى قاتار چايلارغا قاتنىشىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ .

7. ئائىلىدە ئەرنىڭ مۇتلەق نوپۇزى گەۋدىلىنىشى، ئىچىش- چېكىشكە زىيادە چەك قويۇلماسلىقى، يېرىم كېچىدە ياكى تاڭ ئاتقاندا كەلسە كۆپ سۈرۈشتە قىلىنماسلىقى لازىم. ئايال بولغۇچى «كورپىيە فىلىم»لىرىنى ئەستايىدىل كۆرۈپ، ئاشۇ فىلىملەردىكى ئايال پېرسوناژلارغا ئوخشاش ئېرىگە ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىشى لازىم.

8. ئېرىگە خالىغان ۋاقىتتا تېلېفون قىلىپ، ئەر بولغۇچىنىڭ خۇش كەيپىنى بۇزۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. تېلېفون بەرمىسە بولمايدىغان ئىش چىققاندا تېلېفون قىلىشى، تېلېفوندا پەقەت ئاساسىي مەقسەتنىلا سۆزلىشى لازىم. تېلېفوندا سۆزلەشكەن ئومۇمىي ۋاقتى بىر مىنۇتتىن ئاساسەن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

9. ھە دېسىلا ئاغرىپ قېلىپ، ئائىلىنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا، ئىقتىسادىغا زىيان يەتكۈزۈشكە

رۇخسەت يوق. داۋاسى يوق (مەسلەن، راك دېگەندەك) كېسەلگە مۇپتىلا بولغاندىن باشقا كېسەللىكلەرنى كۆپ ھەرىكەت قىلىش، ئاز تاماقلىنىش بىلەن داۋالىشى، ئىگراپ يېتىۋالماسلىقى لازىم .

10. خوتۇن بولغۇچى ئۆز پەرزەنتىنى كۈندە مەكتەپكە ئېلىپ بېرىش ۋە قايتۇرۇپ كېلىش ۋەزىپىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىشى، ھەرقانداق سەۋەبلەر بىلەن كېچىكتۈرمەسلىكى؛ ئارام كۈنلىرىمۇ «نۆۋەتچىلىك » مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئائىلىۋى تاماقنىڭ مول بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، پەرزەنتنى سىرتتا ئوينىتىش(تاكسىغا ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ)، ياكى قېيناسىغا ھەمراھ بولۇشى كېرەك.

11. خوتۇن بولغۇچىنىڭ ئائىلىنىڭ تازىلىقىغا مەسئۇل بولۇش مەسئۇلىيىتى بار. ئۆينىڭ تازىلىقى بىر كۈندە ئىككى قېتىم تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ.

12. ھېيت-بايرامدىن باشقا كۈنلىرى خالىغانچە تېلېۋىزور كۆرۈشكە رۇخسەت يوق، ئېرى ياكى باللار بىلەن تىزگىنەكنى تالىشىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ؛ ئۆيدە قالايمىقان ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشقا ۋە تېلېۋىزور كۆرۈش زۆرۈر بولغاندا، ئېرى ياقتۇرمايدىغان كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىن باشقىلىرىنى تاللاپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

13.يات ئەرلەرگە(9ياشتىن-70ياشقىچە) قاراش ۋاقتى ھەر قېتىمدا 3سېكۇنتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، بىر ئەرگە قارىغان ئومۇمىي ۋاقتى بىر كۈندە ئۈچ قېتىمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئوغۇل ساۋاقداشلىرى بىلەن خەت يېزىشماسلىقى، كۆرۈشمەسلىكى ۋە توردا ئۇچراشماسلىقى؛ باشقا ھەرقانداق ئەرلەرنىڭ ئالدىدا تېلىقىپ كۈلمەسلىكى، غىلجىڭلىماسلىقى ۋە قېرىنداشلىرىدىن باشقا ئەرلەر بىلەن يالغۇز ئۇچراشماسلىقى كېرەك.

14. سېرىق كىنو-تېلېۋىزىيە لېنتىسى، قىمار ۋە زەھەر بىلەن ئۇچرىششقا بولمايدۇ؛ تاماكا چېكىشكە، ھاراق ئىچىشكە ۋە قالايمىقان ئاياللار بىلەن دوست بولۇشقا ، ياكى ئېرى ياقتۇرمايدىغان ھەرقانداق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ. مۇبادا مۇشۇنداق قىلمىشى بايقىلىپ قالسا، دەرھال نىكاھتىن ئاجرىششى شەرت، شۇنىڭدەك ئاجراشقاندىن كېيىنكى بارلىق مال-مۈلۈك ئەرگە تەۋە بولىدۇ، خوتۇن بولغۇچى قاقسەنەم قىلىنىپ ئۆيدىن قوغلىنىدۇ.

15.خوتۇننىڭ بىرەر ئىش توغرىسىدا ئېرىگە دادىلىنىشى ئىككى مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. دەرد تۆككەندە ئاۋازنى پەس، مۇلايىم چىقىرىشى كېرەك.

16.ئەر تەرەپ خوتۇننىڭ پارچە خىراجىتى، گىرىم بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن، ئائىلىنىڭ كىرىمىگە

ۋە ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، ھەر ئايدا مۇۋاپىق خىراجەت بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش؛ ئائىلىدە تاماق، تازىلىق ئىشلىرى ، ئېرىگە بوي سۇنۇش، كۆرۈنۈش- قىياپىتى ۋە مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى قاتارلىق بەش تەرەپتىكى ئەھۋالىنى باھالاپ، ھەر بىر تۈرگە 20 نومۇردىن، جەمئىي 100نومۇر بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش؛ خوتۇن بولغۇچى ئالدى بىلەن ئۆز-ئۆزىنى باھالاش ۋە ئاخىرىدا ئېرى خۇلاسە قىلىپ نومۇر قويۇش كېرەك.

17. خوتۇننىڭ باھالاشتا ئېرىشكەن نومۇرى 90 غا يەتسە، ئېرىنىڭ ئەمەلىي ئىش ھەققىنىڭ %5 نى، ئەگەر 85 كە يەتسە، %4نى ، 80نومۇرغا يەتسە، %3نى مۇكاپات تەرىقىسدە خوتۇنغا بېرىش، 80 نومۇرغا يەتمىسە لاياقەتسىز ھېسابلاپ بىر پۈڭمۇ بەرمەسلىك؛ ئەگەر ئۇدا يېرىم يىلغىچە لاياقەتسىز بولۇپ، ئۆلچەمگە يېتەلمىسە، ئۆزلۈكىدىن نىكاھتىن ئاجرىششنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئەگەر ئۇدا ئىككى يىل لاياقەتلىك بولۇپ باھالىنىپ، ئۆلچەمگە يەتسە ۋە نەتىجىسى 90 نومۇرغا يەتسە، «ياخشى» ئايال دېگەن شەرەپلىك نامنى بېرىپ، مۇكاپاتنى %1 تىن %10كىچە ئۆستۈرۈپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئىككى كۈنلۈك ئارام بېرىش-تىنىۋېلىش پۇرستى بېرىش كېرەك. بۇ ئارام كۈنى شۇ ۋاقىتتىلا ھەم شۇ يىللا ئىناۋەتلىك بولىدۇ. ھەممىنى يىغىپ بىراقلا ئارام ئېلىشقا بولمايدۇ .

18. خوتۇن بولغۇچى ئائىلىنىڭ ئەدەپ-ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلىشى، ئەدەپتىن چىققان بارلىق ئىشلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېرىگە دوكلات قىلىپ، تۈيۈق يولغا مېڭىپ قېلىشتىن ساقلىنىشى لازىم . ئېرىنىڭ ئالدىدا ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش، ئۆز-ئۆزىنى كاچاتلاش روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

19.مەزكۇر «تۈزۈم» ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ ،ئۇنى ھەر بىر ئائىلىدىكى ئەر نازارەت قىلىپ يۈرگۈزىدۇ ھەمدە ئاخىرقى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقى ئەردە بولىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى «تۈزۈم» گە قارىتا باشقىچە پىكىر ۋە گۇمانىي قاراشلار بولسا،مۇئەللىپ بىلەن ئالاقىلەشسە بولىدۇ.

ئادرېسى: زالىملار كوچىسى، سوغ كۆلكە مەھەللىسى، قاتتىق قول ئەر قورۇسى.

ۋاقتى: يولۋاس يىلىنىڭ كۆكلەم پەسلى .

ئاپتور: باينغولىن ئوبلاستلىق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى ئىدارىسىدا

تاللاپ بېكىتكۈچى مۇھەررىر: ئەركىن ئەبەيدۇللا

# شەيتانلارنىڭ پارىخى

شەيتان ھەزرەتلىرىدىن پەرمان :

"ئەتە كەچتە قېرى دەرەخ تۆۋىدە بىر سورۇن تۈزىلىدۇ.بۇ سورۇنغا ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشتا تۆھپىسى ئالاھىدە بولغان ئىككى قۇلاق مايمۇن قۇيرۇق شەيتان،تۆت قۇلاق ۋىجىك شەيتان ۋە ئۇزۇن قۇلاق زېرەك شەيتان قاتنىشىدۇ.بۇ سورۇندا ئۇلارنىڭ تۆھپىسگە قاراپ ئىنئام بېرىلىدۇ. بۇيرۇق تامام ".....

بۇنى ئاڭلىغان ئۈچ شەيتان كېچىچە ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشتىكى ئاز بولمىغان ئىشلىرىنى ئويلاپ قاچانلاردىدۇر ئۆخلىغىنىنى بىلمەي ئەتىسى ياڭرىغان نەغمە ناۋادىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ.قارىسا بارلىق شەيتانلار ئۈچ تەقدىرۋاننى كۈتۈۋېلىپ ھېلىقى ئۈچ شەيتاننىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئۇلارنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ.ئالدىراپ كەتكەن ئىككى قۇلاق مايمۇن قۇيرۇق شەيتان سۆز باشلاپ :

_شەيتان ھەزرەتلىرى ، مەن ئۆزىنى دۇنيانىڭ خوجايىنلىرى دېگەن سېرىق چاچلارنى ئازدۇرۇپ ئۇلارنى دېڭىز بۇيىدىلا ئەمەس بەلكى ھەر قانداق سورۇنلاردا يېرىم يالىڭاچ ياسىنىپ يۈرىدىغان قىلىپ، ئەنئەنىسگە ياد ئىللەت ئېلىپ كىردىم دەپتۇ .

بۇنى ئاڭلاپ شەيتانلار چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ.شەيتان شاھ :

_ياخشى سەن مىنىڭ نازۇك ئىشلىرىمنى قىلىپ مېنىڭ سادىق نۆكىرىم بول-دەپتۇ. ئەمدى نۆۋەت تۆت قۇلاق ۋىجىك شەيتانغا كەپتۇ.ۋىجىك شەيتان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ :

_مەن كىشلەرنىڭ پۇل-مالغا ئامراقلىقىدىن پايدىلىنىپ ،ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا،ئەقلى قۇۋۋىتىگە تەھدىتى ئىنتايىن زور بولغان تاماكا،ھاراق،قىمار،خىروين دەك نەرسىلەرنى ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە سىڭلىپ ،ئۇلارنى ئۆزى ئارقىلىق ئۆزىنى زەھەرلەپ ،ئۆز يېغىدا ئۆزىنى قورۇپ ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىپ ،شەيتانلارنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلدىم _دەپتۇ.شەيتانلار يەنە ئالقىش ياغدۇرۇپ چۇرقىرىشىپتۇ.شەيتان ھەزرەتلىرى :

_كارامەت ،كارامەت سەن بۇنىڭدىن كېيىن مىنىڭ سول قول ۋەزىرىم بول_دەپتۇ.ئەتراپتىن ئالقىشلار يېغىپ ئۇنى كۆمۈۋېتىپتۇ.ئەمدى نۆۋەت ئۇزۇن قۇلاق زىرەك مايمۇنغا كەپتۇ . ئۇ تەمكىنلىك بىلەن مەغرۇر قىياپەتتە تۇرۇپ سۆزنى باشلاپتۇ .

_شەيتان ھەزرەتلىرى ،مەن شەيتانلارنىڭ تارىخىدا قىلىنىپ باقمىغان بىر .ئىشنى قىلدىم دەپتۇ.شەيتانلار ۋە شەيتان شاھ ئۇنىڭ ئېغىزىغا قاراپ قاپتۇ .

_بۇرۇن بىز جاھان ئەينىكىدە نۇرلۇق قۇياش بولۇپ ،جاھاننى زىل-زىل تىترەتكەن ،قۇملۇق ۋە قاشتېشى ،تاغلار بىلەن قورشىلىپ تۇرغان ئەقىللىق كىشىلەرگە شۇنچىلىك قىلساقمۇ غەلبە قازىنالمىغان ئىدۇق .بىراق مەن ھازىر ئۇلارنى شۇنداق ئۆزگەرتىۋەتتىمكى ، مەن ئۇلارنىڭ روھىنى چىرىتىپلا قالماستىن بەلكى جىسمانىي،تېنىك قىياپىتى،ئەقىل-پاراستى ،ئەنئەنىسىنى زەھەرلىدىم.بۇرۇن ئۇلار ھېكمەت قامۇسدا دۇنيا خەزىنىسىگە ئىز قالدۇرغۇدەك ئۆچمەس ئىزلار كۆپلەپ چىققان بولسا ھازىر ئەرشى _ئىشرەت ،ئويۇن -تاماشا،قىمار ،ھاراق،تاماكىدىن ئىبارەت زەھەرلەنگەنلەر ساناقسىز..بىراق چۈش قوينىدا سەگەك ھالدا ،رېئاللىقنى تاپالىغانلار بارماقتا سانىغۇدەك. بۇرۇن ئۇلار ھۇشىقىدىن چۈشۈرمەي كىيىم -كېچەكلەرنى كىيگەن بولسا ،ھازىر تىزىدا ،يوتىدا ھەتتا نازۇك بەدەنلەرنى يېرىم ئۇچۇق قويۇپ يۈرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى..بۇرۇن بىر بوردا زاغرىنىمۇ ئەتىۋارلاپ يېسە ،ھازىر رېستورانلاردا كۈنىدە نەچچە تونىلاپ تاماقلار يېيىلمەي تۆكۈلدى.ئىسراپچىلىق يۇقىرى چەككە يەتتى.بۇرۇن ئۇلار پۇل تاپسىلا كىتاب ئېلىشقا ،بىلىم ئېلىشقا ئىشلەتسە ھازىر ھاراق،تاماكا،خىروين،قىمار ئۈچۈن شۇنچە تەستە تاپقان پۇللىرىنى بۇزۇپ چېچىپ بۇرۇن ھۆكىرگەن چۈقانىڭ ئورنىنى ئۈچەكتىكى سۆكۈت ئالدى.نۇرغۇن كىشىلەر ئائىلىسىدىن،باللىرىدىن ئايرىلدى.نۇرغۇن باللار كىچىك تۇرۇپ يېتىم بولۇشتى.نۇرغۇن باللار كىچىك تۇرۇپ زەھەر تەرىپىدىن گۈزەل ياشلىقىدىن ئايرىلدى.بۇرۇن ئۇلار قۇم بارخانلىرىدەك ئۆز يۇرتىدىكى قاشتېشىدەك ئۆم -ئىناق بولسا ،ھازىر زۇلمەت دەستىدىن ئۆچۈپ ،زۇلمەت قوينىدا قالغان يۇلتۇزلاردەك تەنھا قالدى.پۇل-مال ئۈچۈن ،شان-شۆھرەت،مەنسەپ -ھوقۇق ئۈچۈن بىر-بىرىگە پالتا ئۇرىدىغان بولدى.مانا بۇ مىنىڭ كوپ يىللىق نەتىجەم _دەپتۇ.

يىراقتىن ئالقىشلار يېغىپ شەيتانلارنىڭ كۈلكىسى زېمىننى بىر ئاپتۇ.شەيتان شاھ ئۇزۇن قۇلاق زىرەك شەيتان بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ :

_بارىكاللا ،بارىكاللا ،سەن بۇنىڭدىن كېيىن مىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرىم بولۇپ چوڭ- كىچىك ئىشلاردا ماڭا مەسلىھەت بەرگىن.بىز ئۆزىنى دۇنيانىڭ خوجايىنى دەۋالغان ئىنسانلارنى تېخىمۇ ئازدۇرۇپ،روھنى

زەھەرلەپ،ئۆزىمىزنىڭ سېھرى كۈچىنى يەتتە پەلەككە يەتكۈزۈپ،ئىنسانلارنى بىر بوردا زاغرىغا،بىر تامچە سۇغا زار قىلىپ،نادانلىقى تۈپەيلى ئۇلارنى ئەركىن ئەمەس قۇل ئورنىدا پۈتلىرىمىزنى،قوللىرىمىزنى ۋە بەدىنىمىزنى يۇغۇزۇپ يۈگۈر -يېتىم ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىشكە تىرىشايلى ...

ئۇلارنىڭ كۆلكىسى پۈتۈن زېمىنى بىر ئالغان ئىدى .بىرمۇ ئىنسان سىرتتا چىقالمىغان ئىدى ...

بۇ چۈشمۇ ياق بۇ رىئاللىقكەن....

يوللىغۇچى : شىرئەلىي مۇھەممەد ئىمىن ئەلشىر  ئادرېسى : قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇتىلى تەييارلىق 2005-يىللىق5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

تەييارلىغۇچى: دىلشات ئىدرىس

# يەكچەشمە مايمۇن

بۇ بىر كونا ھېكايە. سىبىسق پىندەك دەيدىغان بىر مايمۇن بار ئىكەن، ئۇ يولدىن ئېزىپ قېلىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن باشقا بىر ئورمانلىققا بېرىپ قاپتۇ. بىر كۆرۈپلا ئاجايىپ ھەيران بوپتۇ، قارىسا بۇ ئورمانلىقتىكى مايمۇنلارنىڭ تەقى-تۇرقى ئۆزىگە زادىلا ئوخشىمايدىكەن. ئۇلارنىڭ بىرلا كۆزى بار ئىكەن. بۇ غەلىتە ئىشقۇ، جاھاندا بىر كۆزلۈك مايمۇنمۇ بار ئىكەندە !

بۇ سىبىسق پىندەك مايمۇن يارىلىشىدىنلا پۇل دېسە جېنىنى بېرىدىغان ھەم زېرەك ئىكەن، پۈتۈن ئوي-خىيالى بازار ئىگىلىكىدە ئىكەن. ئۇ شۇنداق ئويلاپتۇ: بىزنىڭ ھەممىمىزنىڭ كۆزىمىز ئىككى، بۇ يەردىكى مايمۇنلارنىڭ بىرلا كۆزى بار ئىكەن. ئەگەر مۇشۇ بىر كۆزلۈك  يەكچەشمە مايمۇندىن بىرەرسىنى تۇتۇۋېلىپ، قەپەسكە سولاپ كۆرگەزمە قىلسا چوقۇم جىقلا پۇل تاپقىلى بولغۇدەك !
سىبىسق پىندەك شۇ خۇشاللىقىدا، بىرەر يەكچەشمە مايمۇننى تۇتۇپ كېتىپ پۇل قىلىدىغان بولدۇم، دېگەن ئارزۇ بىلەن ئورەك كولاشقا كىرىشىپتۇ. راست، بۇمۇ تىر تىجارەت، ھېچبولمىغاندا خېلىلا كۆز يېتىدىغان خىيال-دە !
سىبىسق پىندەكنىڭ خىيالىغا نەدىن كەچسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان مايمۇنلارمۇ بۇ ئىككى كۆزلۈك مايمۇننى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيران بوپتۇ: جاھاندا ئىككى كۆزلۈك مايمۇنمۇ بار ئىكەن ئەمەسمۇ، ئەگەر ئۇنى تۇتۇپ قەپەسكە سولاپ كۆرگەزمە قىلساق، چوقۇم بىر يىغىلىق بولىدىكەن، يەنە تېخى نۇرغۇن پۇل تېپىشقىمۇ مۇمكىن بولغۇدەك .
شۇنداق قىلىپ، سىبىسق پىندەك باشقىلارنىڭ ئورىسىنى كولاۋاتقاندا، ئاسماندىن يوغان بىر قەپەس ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ .
سىبىسق پىندەكنىڭ ئارزۇسى باشقىلارنىڭ ئارزۇسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئەسلىدە ئۇ يەكچەشمە مايمۇنلاردىن بىرنى تۇتۇپ كېتىپ، شۇنىڭ بىلەن بېيىماقچى بولغانىكەن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ قەپىسىگە سولىنىپ قېلىشىنى، كۆرگەزمىگە قويۇلۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەن.
يەكچەشمە مايمۇنلار بۇ ئىككى كۆزلۈك مايمۇننى كۆرىمىز دەپ قاتار تىزىلىپ، بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ

كۆرگەزمە بىلتى سېتىۋاپتۇ .

قەپەسكە سولىنىپ قالغان سېسىق پىندەك بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ناھايىتى پۇشايمان يەپتۇ. ئۆزۈم تاپقان بۇ ئامالدىن قانداق بولۇپ باشقىلار پايدىلىنىپ كەتتى؟ دەپ ئويلاپتۇ .

ھازىرقى كۈندە ئەنە شۇنداق ئالدىنىپ قالىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى يوق. بۇلارنىڭ تولىسى سېسىق پىندەك مايمۇنغا ئوخشاش ئۆزىگە ئۆزى زامىن بولۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمايدۇ. بۇلارنىڭ ھېكمىتى ئوخشاش بىر: دەسلەپتە نەپسانىيەتلىك قىلىدۇ، ئاقىۋەتتە زىيان تارتىدۇ .

خۇددى بۇ يەكچەشمە مايمۇنغا ئوخشاش، دۇنيادا غەلىتە-غەلىتە ئىشلار ھەقىقەتەن كۆپ. لېكىن غەلىتە، غەيرىي ئىشلاردا باشقىلارغا باھانە بولۇپ قېلىش، باشقىلارغا ئالدىنىپ قېلىش ئېھتىمالى ۋە شۇنداق قىممەت يوق ئەمەس .

لېكىن مەيلى ھەرقانداق غەلىتە، غەيرىي ئىش بولسۇن، ئۇلارنىڭ بىر ئورتاق خۇسۇسىيىتى بار. باشقىلارنى ئالدايمەن، باشقىلاردىن بۇرۇن چىقىرىۋالىمەن دەيدىغان خىيالغا كەلگەن ئادەملەر باشقىلارغىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگەن بولىدۇ، ئۇنداق ئادەملەر ھامان ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشمەي قالمايدۇ. بۇ ھەرقاچان، ھەر جايدا ئوخشاش بىر قانۇنىيەت. بۇ ئوخشاشلىق خۇددى «ھەق بىلەن ناھەق»نىڭ پەۋقۇلئاددە بىرلىك مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا ھەق بولمىسا ناھەقمۇ بولمايدۇ، ناھەق بولمىسا ھەقمۇ بولمايدۇ .

بىزنىڭ ئالدىنىپ قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، بەزىدە ھېلىقى مايمۇنغا ئوخشاش ئوي-خىياللاردا بولۇپ قالىمىز. بەزى ئادەملەر بۇ ئىقتىساد جەمئىيىتىدە ھېلىقى يەكچەشمە مايمۇننى ئۇچراتقاندەك غەلىتە ئىشلارنى كۆپرەك ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنداق ئىشلار ھەقىقەتەن نەپ كەلتۈرىدىغان ئىشتۇر. شۇڭا ئۆزىگە ئۆزى زامىن بولۇپ، ئاۋۋال ئۆزى قىلتاققا چۈشۈپ قالىدۇ .

قارىماققا بەزى ئىشلار ئۆزئىگىزگە مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن باشقىلارغا ئالدىنىپ قالىدىغان، باشقىلار پايدىلىنىپ كېتىدىغان شۇنداق بىر ئوي-خىيال ئاۋۋال ئۆز كۆڭلىڭىزنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە پىشىپ بولغان بولىدۇ. ئاقىۋەتتە كۆڭلىڭىزدىكى ئەنە شۇ ئورا تولا چاغلاردا ھەممىدىن يامان ئورا بولۇپ قالىدۇ .

خەنزۇچە «تاللانغان فىلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىللىق 3-سانىدىن توختى باقى ئارتىشى تەرجىمە قىلدى

# ھاياتلىقتا چاكىنىلىقنى رەت قىلىڭ

«ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، ئۈزلۈكسىز رەۋىشتىكى چاكىنىلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ تۇرىدۇ» دېگەن سۆزنى ئۆزۈم دېگەنىدىم. بۇنداق دېسەم، ھەممەيلەن ئەجەبلىنىپ كېتىشكەنىدى. كېيىنچە ئىنچىكە ئويلىنىپ باقسام، بۇنىڭ ھېچقانداق ئەجەبلەنگۈدەك مەسىلە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپلا قالماي، بۇنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن سەۋەبلەرنىمۇ تېپىپ چىقالىدىم .

ئۆزىمىز ھەققىدە ئويلىنىپ باقسام ،ئەھۋال شۇنداق ئىكەن: كىچىك چاغلىرىمىزدا قەلبىمىز تولىمۇ كەڭ ئىدى، چوڭ بولغاندىن كېيىن دۇنيانىڭ ناھايىتى كىچىكلىكىنى ھېس قىلدۇق؛ كىچىك چاغلىرىمىزدا تەسەۋۋۇرىمىز چەكسىز ئىدى، چوڭ بولغاندىن كېيىن رەھبەرلەر ۋە خوجايىنلارنىڭلا گېپىنى ئۇقالايدىغان بولدۇق؛ كىچىك ۋاقتىمىزدا ئاتا-ئانىمىز ۋە قەھرىمانلارغىلا چوقۇناتتۇق، چوڭ بولغاندىن كېيىن ھوقۇق ۋە پۇلغا چوقۇنىدىغان بولدۇق؛ كىچىك چاغلىرىمىزدا كۆڭۈل كەيپىياتىمىزغا بېقىپ يىغلاپ ئىچ-قارنىمىزنى بوشىتىۋالالايتتۇق، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئېھتىياجغا قاراپ ئېسەدەيدىغان بولدۇق؛ كىچىك ۋاقتىمىزدا ئىشلار ھەققىدە ئويلاپ باقاتتۇق، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئادەملەر ھەققىدە ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدۇق؛ كىچىك ۋاقتىمىزدا تەبىئەتنى قىزغىن سۆيەتتۇق، چوڭ بولغاندىن كېيىن كىچىككىنە ھۇجرىغىلا مەپتۇن بولىدىغان بولدۇق؛ كىچىك چاغلىرىمىزدا تۇرمۇشقا تەلپۈنەتتۇق، چوڭ بولغاندىن كېيىن جان بېقىپ ئۆتۈشنىڭلا كويىدا بولىدىغان بولدۇق؛ كىچىك چاغلىرىمىزدا غايە ھەم كۆرەش نىشانىمىز بار ئىدى، چوڭ بولغاندىن كېيىن بارلىق ئارزۇ-ئارمانلىرىمىز بۇيۇملىشىپ كەتتى، ھەتتا ھەقىقىتىمىزمۇ «بىرگە بىرنى قوشسا ئۈچ بولىدۇ» دەيدىغان خاتا يەكۈنگە ئۆزگىرىپلا كەتتى .

قانچە ئېگىز ئۇچقانسېرى، بىز كۆرۈۋاتقان شەيئىلەر شۇنچە زورىيىپ غۇۋالىشىپ كەتتى؛ ماڭغان تۇرغان يېرىمىز كۆپ بولغانسېرى، قەلبىمىزدىكى تورلار شۇنچە زىچلىشىپ كەتتى ۋە شۇنچە ئۇششاقلاپ كەتتى؛ بىلىمىمىز قانچە كەسپىلەشكەنسېرى، تەدبىرلىرىمىز شۇنچە قېلىپلىشىپ كەتتى ۋە شۇنچە مېخانىكىلىشىپ كەتتى؛ كەچمىشلىرىمىز مول بولغانسېرى، ئىدىيىمىز شۇنچە سىرلىقلىشىپ، بارغانسېرى ئۆزىمىزنىڭ گېپىنىمۇ دېيەلمەيدىغان بولۇپ قالدۇق .

چى لىننىڭ بىر پارچە ماقالىسىنى ئوقۇغانىدىم. ئۇنىڭدا: «كىشىلىك ھاياتنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى

يوق. ئەمما ئادەم ياشىغانىكەن، چوقۇم كىشىلىك ھاياتقا مەنە ئاتا قىلىشى كېرەك» دېيىلگەن. بۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك سۆز بولغان. كىشىلىك ھاياتنى چاكىنىلاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز ئۈچۈن، تۇرمۇشىمىزغا نىشان، ھاياتىمىزغا غايە ئاتا قىلىشىمىز لازىم .

تۇرمۇشىمىزنى شېئىرىي تۈسكە ئىگە بولسۇن دېسەك، تۇرمۇشىمىزنى قىزىقارلىقراق قىلايلى؛ تۇرمۇشىمىزنى تەملىكرەك، تەسەۋۋۇرغا بايراق، ئۆزگىرىشچانىراق، ئىنتىلىشچانىراق قىلايلى. نۇرغۇنلىغان چاكىنا ۋە تېتىقسىز ئىشلار بىزنى بارغانسېرى چاكىنىلاشتۇرۇپ ۋە تېتىقسىزلاشتۇرۇپ قويماقتا. بىزدىكى چاكىنىلىق ۋە تېتىقسىزلىقلارنىڭ دەستىدىن مول مەزمۇنلۇق ۋە جانلىق بولغان نىنى ئىشلىرىمىزمۇ چاكىنىلىشىپ كەتتى ۋە تېتىقسىزلىشىپ كەتتى .

نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولۇپ كېتىدۇ؟ مېنىڭچە، بۇنىڭ سەۋەبلىرى بەلكىم قەلبىمىزنىڭ نۇرسىزلىقى، ۋۇجۇدىمىزدا مۇھەببەت بولمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك .

بىز قەلبىمىزدىكى ياخشىلىقنى ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ قانداق قارىشىنى ئۆلچەم قىلىۋاتىمىز؛

چىن قەلبىمىزدىكى تەسىراتىمىزنى ئەمەس، بەلكى ساپ ماددىي نەرسىلەرنى ئۆلچىگۈچ قىلىۋاتىمىز؛

بىز ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنىڭ جەريانىنى ئەسلەشنى ئەمەس، بەلكى مەقسەتكە تېزلىكتە يېتىۋېلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىۋاتىمىز .

بىز چاكىنىلىقنى رەت قىلىشىمىز كېرەك. ياشاشنىڭ ئۆزى سەۋەبتۇر، ئەمما بىز قانداق ياشاشنى جەزمەن ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. تاشلىۋېتىشنىڭ ئۆزى خۇشاللىق. ۋەھالەنكى، بىز قانداق چاغدا ھېرىسمەن بولۇشنىمۇ بىلىشىمىز كېرەك. ياشلىق ئادەمگە باقمەندە ئەمەس، قېرىغاندا قەيسەر بولۇشمۇ ئاسان ئەمەس، چېكىنىپ پۇچەكلىشىپ كېتىشتىن، چاكىنىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئادەمنىڭ قەلبىدە نۇر چاقناپ تۇرۇشى، ۋۇجۇدىدا مۇھەببەت بولۇشى كېرەك. ئادەمنىڭ قەلبىدە نۇر چاقناپ تۇرسا، ئېتىقاد ئاسمىنى پارلاق بولىدۇ، كىشىلىك ھايات تۇنلىرىمۇ پاك ۋە سۈزۈك بولىدۇ؛ ۋۇجۇدىدا سۆيگۈ بولسا، ئۆلۈپ كەتكەن جانلارمۇ ئويناقشىپ بىز بىلەن ئورتاق شادلىنىدۇ. بىز ۋاقىت بىلەن مۇھەببەتلىشىمىز، ھالبۇكى قوغلىشىش مەڭگۈ خورىماستۇر .

تاللانغان فېلىيەتونلار ژۇرنىلىدىن ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر تەرجىمە قىلدى

http://ilkitap.blogbus.com

# مەستنىڭ قىسمەتلىرى

1

سەن تەلمۈرۈپ كۈتكەن يېڭى يىل ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ئاھ يېڭى يىل! تەستە كەلگەن بۇ يېڭى يىلنى ئوبدان بىر تەبرىكلىمەي بولمايدۇ .

توغرا، رېستوراندا ئولتۇرۇش كېرەك. بىراق، بۇنداق چاغلاردا ئۈچ-تۆت كۈن بۇرۇن ئورۇن زاكاز قىلىپ قويىمىساڭ، تەبرىكلىگۈچىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن يېڭى يىلغا مەست پېتىڭچە كىرىش شەرپىدىن مەھرۇم قالىسەن. ھاراققۇ نەدە ئىچسە مەست قىلىۋېرىدىغان نەرسە. بىراق ۋاقىت، سورۇن ئوخشىمايدۇ-دە. نەچچە ۋاقىتتىن «شوپاڭ»دا ئىچكەن بولساڭ، ئەمدى يېڭى يىلدا يېڭىچە بىرەر قېتىم ئولتۇرمىساڭمۇ سەت تۇرار. كادىرلىقىڭنى، ھېچ بولمىغاندا ئۈستۈڭدىكى مۇنۇ كاستۇم-بۇرۇلكا، گالستۇكىڭنىڭ ئىناۋىتىنى دېمىگەندىمۇ شۇنداق قىلىپ، يېرىم كۈن سوكۇلداپ يۈرۈپ قايىسى بىر كاتتا رېستوراندىن بىر «خالىي ئورۇن» ئۇقۇشتۇمدە، مەردانىلەرچە ھەر تەرەپكە چاقىرغۇ ۋە تېلېفون قىلىشنى باشلىۋەتتىڭ

بىچارە ئىككى بالاڭ ئوت قالاقسىز ئۆيدە تىترەشكىنىچە ئولتۇرغان دەقىقىلەردە، سەن ھېلىقى «لازىلىقتا ئۆلگەن توخۇ» قاتارلىق يېسە ئېغىزنى، چىقارسا كۆتنى ئېچىشتۇرىدىغان قورۇمىلاردىن لەززەتلەنگەچ ھاراق ئىچىۋاتاتتىڭ. قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۈدەك مۇزىكىلار ئالىيېشىل چىراغلار ئاستىدىكى كىچىككىنە دائىرىدە بىر توپ ئەر-ئاياللار بىر-بىرىنى يۆلەشكىنىچە زېرىكمەستىن بىر خىل ھەرىكەتنى تەكرارلىماقتا رومكا ئايلانماقتا سەنمۇ مەستخۇشلۇق ئىلكىدە قايىسدۇر بىر قىز بىلەن ئىككى -ئۈچ مەيدان تانسا ئوينىغاندەك قىلدىڭ. سەن تانسا ئويناۋېتىپ، ئاياللىڭنىڭ سىمىز بىر ئەر بىلەن تانسا ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئازراق سەگەكلەشتىڭ. بىراق، سېنىڭمۇ قۇچىقىڭدا بىر قىز باردە. سەن ئاياللىڭنى مىنۇت ئىچىدە كەچۈرۈۋەتتىڭ: ئېھتىمال بىرەر مۇھىم كىشىدۇر، توغرا چۈشىنىش كېرەك. ئىلمىيلىك ھەممىدىن مۇھىم، ئوقۇغاندە بىز

ھەر كۈنى ئىچىۋېرىپ مەستلىك رېفلېكس بولۇپ كەتكەن نېرۋاڭ، ھەتتا سوغۇق سۇ ئىچسەڭمۇ ئۈچ-تۆت رومكىدىن كېيىنلا ئاينىشقا باشلايتتى. سەن يەنە مەست بولۇپ قالدىڭ. كۆزلىرىڭ توختىماي ئاياللىڭنى ئىزدەيتتى، لېكىن تاپالمايتتى. كۆزلىرىڭ غۇۋالىششقا باشلىدى، يىغلىدىڭمۇ ياكى ھەقىقەتەن ئېغىر

مەست بولۇپ قالدىڭمۇ، بىلەلمىدىڭ. ئۆزۈڭگە سۆزلىدىڭ: بۇ يەرنىڭ شوپاڭدىن نېمە پەرقى؟ ئۇ يەردە تىزىمىزغا قونۇپ ئولتۇرۇپ ھاراق قۇيۇپ بېرىدىغان «تۇمۇچۇقلار» بار، بۇ يەردە ئۆيدىن ئەگىشىپ كەلگەن «پاختەكلەر» ئىشلىرىمىزغا نازارەتتە بۇ يەرنىڭ زادى نېمىسىنى ئارزۇلايمىز؟ توغرا، بۇ يەرنى «زامانىۋى شوپاڭ!» دەپ ئاتاش كېرەك. ھا ھا ھا زامانىۋى شوپاڭ كارامەت ئىسىم بولدى خىياللىرىڭدىن لەززەتلىنىپ قايسىدۇر بىر پەدىگە خىرقىرىغىنىڭچە ئۆيگە قايتماقچى بولدۇڭ. پاتەم شوينا، ئايىم لەڭپۇڭ ياكى غوپۇر قۇسۇقلارنىڭ شوپاڭخانىسىدىغۇ پۇلنى قاچان تۆلىسەڭ بولىدىغان گىگانت خۇنپەر ئىدىڭ. بىراق، تۆمەنلەپ پۇل خەجلەپ رېستوران ئاچقانلار سەنمدەك تاكىراڭ مەستتىن ئۆز نېسۋىسىنى نەق ئېلىشنى ئۇلاردىن ئوبدان بىلىدىكەن. ئۆيۈڭگە كۆمۈر، ئىككى بالاڭغا قىشلىق چاپان، ئاياغ ئېلىپ بېرىشنى پىلانلاپ ئەتىگەن بىرسىدىن تىزلىنىپ تۇرۇپ قەرز ئالغان 250 يۈەن پۇل قولۇڭدىن «مىرتتىدە» چىقىپ كېتىشى بىلەن تەڭلا ھېچنېمىنى بىلمىگۈدەك مەست بولدۇڭ-دە، نەسلىڭ ئىنەكنىڭ ئەمچىكىدەك لەپپەڭشىگىنىڭچە قاياققىدۇر يىقالدىڭ ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ توختىماي ئىچتىڭ. بۈگۈنمۇ يەنە مەست ھالەتتە ئۈچرىدىڭ-دە، قاچان ئۈچرىساڭ ئۇنتۇپ قالماي سورايدىغان سوئالىڭنى يەنە تەكرارلىدىڭ :

جېنىم ئاغىنە، ئىنتايىن ئاز چىقىم بىلەن ھازىرقى ماشىمدىنمۇ نەچچە ھەسسە كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئىش بولسا دەپ بەرگىنە !

ئۇنداقتا بۇ سوئالىڭغا قېرىنداشلارچە، دوستلارچە مەسلىھەتىم شۇ، ئاڭلا: سەن كۈندە ئىچىۋاتقان مۇنۇ شوپاڭلارنىڭ ئالدىغا مەستنىڭ سۈيدۈكى بىلەن قۇسۇقىدىن ھاراق ئايرىۋالىدىغان بىر زاۋۇت قۇرساڭ، كۈندىلىك ھاراق مەسىلەڭمۇ ھەل بولىدۇ، ھېچقانچە چىقىم تارتمايلا بېيىپ كېتىسەن

2

روزى ھېيت بىلەن يېڭى يىلنىڭ سۇنۇقچىلىقىدىن بىلىگىنى رۇسلىيالمايۋاتقان بىر پەيتتە قۇربان ھېيت غارقىراپ يېتىپ كەلدى. ئەرزان كىيىملەرنى ياراتماي، ئەڭ يېڭى مودېسىنى ئالمەن دەپ يۈرگەن ئايالىڭ، ھېيتقا ئۈچ كۈن قالغاندا، قاقۋاش سودىگەرلەر ھەممىنىڭ كۆزىنى ئالا-چەكمەن قىلىپ ئەكەلگەن كاتتا بىر قۇر خۇرۇم كىيىمنى مىڭ سومغا كۆزلىرىنى قىزارتىپ تۇرۇپ سېتىۋالدى. ئەر-خوتۇن ئىككىڭلارنىڭ ماشى ھەر خىل چاي، ئولتۇرۇشلاردىن قورسىقىڭلارغا ناھايىتى تەستە ئېشىنىۋاتقاندا، بۇ ئەلۋەتتە ئاز پۇل ئەمەستە. ئۆزۈڭغۇ روزا ھېيتتا ئالغان ئەرزان باھالىق كاستۇم-بۇرۇلكىنى قۇرۇق

http://ilkitap.blogbus.com

يۈيۈش ئورنىدا يۇيدۇرۇپ دەزماللاپ كىيەرسەن، بىراق، باللارچۇ؟ ھېيتلىق گۆش، مېۋە-چېۋە ،مەزەلەرچۇ ؟ ھەي پۇل ئاخىرى يېزىدىكى بىچارە، مۆمىن ئاتا-ئاناڭنى «تەسىرلەندۇرۇپ» شاتىراق پاقلاندىن بىرنى ھەل قىلدىڭ؛ ئۇنىڭ دۇمبىسىگە بىر خالتا گۈلە-جىگدىنى ئارتتىڭ-دە، مېھرىبانلارغا خوش دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ، خوتۇنۇڭنى خۇش قىلىشقا ئالدىرىدىڭ. ئايالىڭمۇ «كەمپىر»نى (قېيناناڭنى شۇنداق ئاتايتتىڭ) «تەسىرلەندۇرۇپ» بىر داستىخانلىق ساڭزا، پېچىنە پىرەنىكنى ئەسىرگە ئېلىشقا ئۈلگۈردى. ئاھ، مۇھىم مەسىلىلەر ھەل بولدى! راست، باللارنىڭ ئۇستىۋېشچۇ؟ بولدىلا، ئۇلار كىچىك ئەمەسمۇ، قىشنىڭ كۆزى قارىغۇ، ياكى بولمىسا ئۇلارنى بىر يەرگە ئاپارمىساڭلا بولدى ئەمەسمۇ؟

ھېيت ناغرىسى چېلىنغان كۈنى ئەتىگەن قاسساپ ئىزدىدىڭ. ئۆمرۈڭدە پىتتىن باشقا نەرسىنى ئۆلتۈرۈپ باقمىغاچقا، ئاشۇنداق ئاددىي ئىشلارغىمۇ ئامالسىز پۇل خەجلەشكە توغرا كەلدى. ھەش-پەش دېگۈچە گۆشمۇ ئاسقۇغا ئېسىلدى، بالا-چاقىلىرىڭ بىلەن قېيناتا، قېيناناڭنىڭ شەھەر مەركىزىدىكى ياسداق ئۆيىدە كەچكىچە مېھمان بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزۈڭ تاكسى كىرا قىلىپ ئۆيۈڭگە ئېلىپ كېلىپ ھېلىقى گۆشتە راۋۇرۇس مېھمان قىلىۋاتقاندا، سەھرادىكى ئاشۇ جاپاكەش مېھرىبان ئاتا-ئاناڭ سېنىڭ ۋە باللىرىڭنىڭ يولىغا تەلمۈرۈشكىنىچە، قازىنىدا ئەتىگەندىن بېرى قايناۋېرىپ ئېزىلىپ كېتىۋاتقان گۆشنىڭ شورپىسىدىن بىر قوشۇق ئىچىشكىمۇ قىيمىغان ھالدا ساقلاپ ئولتۇراتتى

نېملا بولمىسۇن بۇ ھېيتتا ئازدۇر-كۆپتۇر چىقىم بولدى. ئوچۇقنى ئېيتقاندا، قەرزىڭ بىر ئۆلۈش كۆپەيدى. مەيلىلا دەيتتىڭيۇ، ئىچىڭ ئېچىشاتتى. ئۇچرىغانلا تونۇشۇڭغا ۋايساپ قوياتتىڭ :

ئىنسى روزەكنى ئاران تەستە ئۇزاتقاندۇق، ئاكسى قۇنەك كېلىپ ئادەمنى ئەجەب جىلە قىلدا !

3

ئاياللارغا ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھېس قىلدۇرىدىغان «8مارت» بايرىمى نازلىنىپ يېتىپ كەلدى. ئاياللار كېچىنى كېچە دېمەي ئۆزئارا خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ، تېلېفونلىشىپ مەركىزىي شەھەردىكى مودىنى ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەر ياكى شوپۇرلاردىن بىر ئامالللار بىلەن ئۇقۇپ، رەستە-بازارلاردا باس-باس قىلىپ سېتىۋالماقتا. ئاھ، خۇدا! نېمە كۆرگۈلۈك بۇ؟! بىراق، سەن ئەر. چىداش كېرەك، چىدىدىڭ. چىدىمايمۇ ئامالىڭ يوق. مائاشىڭنى تولۇقى بىلەن ھەرقايسى «مەست زاۋۇتلىرى»نىڭ خوجايىنلىرى، توي قىلىۋاتقان، ئۆلۈۋاتقان، ئۆي كۆچۈۋاتقان لار ئېلىۋاتسا، ئايالىڭغا يەنە چىدىمامتىڭ؟ ئۇ بىچارىمۇ

ئىششەك قەرزنى پاتىڭغا ئارتىپ يۈرۈپمۇ، يەنە چىداپ كىيىم كىيۋاتسا لېكىن يۈرىكىڭنىڭ بىر يەرلىرى پىژىلدايتتى: دەلتە خوتۇن، روزا ھېيتتا ئالغان كىيىمىڭ كىرلەشمەستە يېڭى يىللىق، قاتار چاي، يەتمىش پۇشتۇمنىڭ تويى، قۇربان ھېيتلىق دېگەنلەر ئۇچۇن ھەپتىسىگە بىر قۇردىن كىيىم سېتىۋالدىڭ، ئەمدى يەنە ئاھ، خۇدا! نېمىشقا يەتتىنچى مارتتىن كېيىنلا توققۇزىنچى مارت كەلمەي، سەككىزىنچى مارت كېلىدىغاندۇ؟! ئادەملەر ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن تەرەققىي قىلمىسا بولمامدۇ! ملك ئەپسۇس، نېمىشقا ھەربىي خوتۇن ئالمىغان بولغىيتتىم ئىلاھىم بايرامنى شاخلاتقان گۆي تۇتامسىز بىر باھانىدە ئۆلەر !

سىنىڭ غەزەپلىك خىياللىرىڭمۇ شۇنچە سىپايە، شۇنچە زەئىپ ئىدى. شۇنداق، ئايالىڭنى يۈزتۇرانە تىللىيالمىدىڭ (بۇ دېگەن مودا)، ئەمما خىيالەن سۆزلەشتىڭ :

سۆيۈملۈكۈم، سىزنى يۈرىكىمنىڭ قات-قېتىدىكى چوڭقۇر مۇھەببىتىم بىلەن، ئەڭ يېقىملىق، ئەڭ چۆچۈك تىلدا «ئېھ، نائىنساپ خوتۇنلار تائىپىسى!» دەپ تىللىسام خاپا بولماسسىز؟

ئايالىڭ تاتلىققىنا كۈلۈپ جاۋاب بەردى :

نېمە دەپ خاپا بولغۇدەكمەن. سىزدەك كۆڭلى پىۋا، ھاراقنى ئىچىۋېرىپ ئەرەنلىكى كۆنسېرى ئاجىزلىشىۋاتقان شوپاڭ كۆچۈكى ئېرىمنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلەنسەم بولىدۇ تېخى

زۇۋانىڭ تۇتۇلدى. ئايالىڭ «مارت»لىق كىيىملىرىنى كىيىپ كۆزۈڭدىن ئوت چاقناتقىنىچە مەسخىرىلىك كۈلۈپ، بىر توپ ئايالار بىلەن بىللە رېستوران تامان يۈرۈپ كەتتى

4

بايراملار رەت-رېتى بىلەن دارىقاڭشىپ كەلمەكتە. «1ماي ئەمگەكچىلەر بايرىمى»، «4ماي ياشلار بايرىمى»! بۇ بايراملارنىمۇ ئەلۋەتتە ئوبدان تەبرىكلەش كېرەك. ھۆكۈمەتمۇ تەبرىكلەڭلار، دەپ بىرقانچە كۈن قويۇۋەتتى ئەمەسمۇ. بۇ قېتىم ئايالىڭ ئىككى بايرامغا قىستارتىپلا 380 يۇەنگە بىر قۇر يازلىق كىيىم سېتىۋالدى. ئەسلىي ئۇ تېخىمۇ قىممەتنى سېتىۋېلىپ ھەممىنىڭ كۆزىنى ئالغاي قىلىۋەتمەكچى ئىدى، بىراق، يانچۇقىڭ كۆزى ياش يۇقى! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاز كۈندىن كېيىن «باللار بايرىمى» كېلىدۇ ئەمەسمۇ .

ئارىلىقتا ھەر خىل توي، چاي، بەزمە-باراۋەتلەر بولۇپ تۇردى .

http://ilkitap.blogbus.com

قاراڭلار، «باللار بايرىمى» ئويناقلاپ يېتىپ كەلدى! ئاتا-ئانىلار باللىرىنى چىرايلىق ياساندۇرۇپ باغچىلارغا چاپماقتا. ھەممە يەردە باللارنىڭ كۈلكىسى، باللارنىڭ جىلۋىسى بىراق، سىلەرنىڭ ئۆيگە شۇ تاپتا ئېغىر پۇشۇلداشلار ھۆكۈمران. ئەر-ئايال ئىككىڭلارنىڭ مائاشى ئاللىبۇرۇن خەجلىنىپ تۈگىگەچكە، كۆڭلۈڭلار شۇنچىلىك يېرىم. تۇيۇقسىز بىر مۆجىزە بىلەن بىردىنلا باللىقىغا قايتىپ، مەھەللىدىكى باللار بىلەن بايراملىق كىيىملىرىنى كۆز-كۆز قىلىپ تايتاڭلىيالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئايالىڭ دېگەن ھېسسىياتچان مەخلۇقنىڭ يۈرىكى شۇ تاپتا لەختە-لەختە قان !

ئۇ ئىچىدە گۇڭراپ ناخشا ئېيتماقتا :

ئىخ، باللىق !

باللىققا قايتقۇم بار،

بۆشۈكۈمدە ياتقۇم بار .

ھەي باللار

مەن كېتەي

سىلەر بىلەن ئوينىغىلى

ئىككى بالاڭ ئەتىگەن يۈرىكىڭنى سۈغارغاندەك قىلىپ بەرگەن بەش يۈەننى سىقىمدىغىنىچە قاياققىدۇر يوقالغان. خەق باللىرىغا كومپيۇتېر دەپ نەدىكى ئادەمنى گالۋاڭ، ھۇرۇن قىلىۋېتىدىغان باھاسى زەھەردىن ئاچچىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىدىكەن. تەھقىقكى، سەن مەڭگۈ ئۇنداق ئەخمەقلەرنى دورىمايسەن‌دە. «زالىمنىڭ بالىسى ئالىم بولىدۇ» ئەمەسمۇ .

بىردىنلا گېلىڭ قىمشىپ كەتتى. ئاستا سىرتقا چىقتىڭ-دە، تونۇش شوپاڭغا جۆنىدىڭ. يېنىڭدا بىر تىيىنمۇ پۇل يوق ئىدى. «دۇنيادا ھاراقكەش بىلەن بەڭگىنىڭ رىزقى بەك كەڭرى بولىدۇ». بۇ سېنىڭ مۇشەققەتلىك ھايات سەپىرىڭدە مول تۇرمۇش تەجرىبەڭگە ئاساسەن چىقىرىلغان ئەمەلىي يەكۈن. ئەلقىسسە، ھېيتلاپ يۈرۈپ راۋۇرۇس تەڭشەلدىڭ-دە، ئۆيگە قايتماقچى بولدۇڭ. كوچىلاردا ئاتا-ئانىلار باللىرىنى ئويناتقاچ كەچلىك سەيلە قىلىۋاتاتتى. مەستلىكتە بىردىنلا باللىقىڭ ئېسىڭگە يېتىپ پۇتكۇل بەدىنىڭ «شۇررىدە» ئېرىپ كەتكەندەك بولدى-دە، كۆزۈڭدىن ئىككى تامچە ياش «جىرتتىدە» ئېتىلىپ چىقتى. ياشلىرىڭنى سۈرتۈشنىمۇ ئۇنتۇپ، باللىرىڭ ئوقۇپ يۈرگەن بىر ناخشىنى خالىغان ئاھاڭدا بۇزۇپ ئوقۇشقا باشلىدىڭ :

ساۋاقداشلار، ساۋاقداشلار

باغقا بارايلى .

كېۋەزلىككە قوغۇن تېرىپ

تەرخەمەك ئالايلى .

ئا يارەي باغقا بارايلى

## 5

›پارتىيە قۇرۇلغانلىقنى تەبرىكلەش بايرىمى‹دا (خۇداغا يۈز مىڭ شۈكرى) چىقىم بولمىدى. بۇ كۈندە ھەرقايسى ئىدارە، جەمئىيەتلەر ئارا پارتىيىنى كۈيلەپ خور ئوقۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئايالىڭ بىر قۇر قىپقىزىل تەنتەربىيە كىيىمگە، سەن ئاپئاق بىر ئىشتان ۋە قىپقىزىل بىر كۆڭلەككە ئېرىشتىڭ « 1- ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمىمۇ داغدۇغىسىز ئۆتۈپ كەتتى. ئارىلىقتا ھەر خىل چاي، توي، بەزمە-باراۋەتلەر بولۇپ تۇردى. ھەش-پەش دېگۈچە «ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى» يېتىپ كەلدى. گەرچە ئىككىڭلار ئوقۇتقۇچى بولمىساڭلارمۇ، بۈگۈن ئايالىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. ھەپتىدىن بېرى تەييارلىق قىلغان ئايالىڭ بۈگۈن مەلىكلەردەك ياسىنىپ ھەممىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇۋەتكەندى. ھەشەمەتلىك رېستوراننىڭ ئۈچ جوزىسىدا لىقمۇلىق ئولتۇرۇشقان مۇنۇ ئەر-ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئايالىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىگىلى كەلگەنلەر ئىدى. باشقا جوزىلاردا، ئوقۇتقۇچىلار بولسا كېرەك، پات-پات «مۇدىرنىڭ قولىدىن بىر رومكا ئىچەيلى!»، «شوجاڭغا خوش دەيلى!» دېگەن سادالار ياڭراپ تۇراتتى. يەپ-ئىچىپ باشلاندى. قىيقاس-چۇقان گۈلدۈرمامىدەك يۈرەكنى جىغىلدىتىدىغان مۇزىكىلار بىر چاغدا ئوتتۇز نەچچە تال شام ياندۇرۇلغان تورت ھەيۋەتلىك تۇغۇلغان كۈن مۇزىكىسى ساداسى ئىچىدە جوزىغا ئېلىپ كېلىپ پارچىلاندى، ئەمدى قىيقاس-چۇقان يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بىر-بىرىنىڭ يۈزىگە تورت سۇۋاشلار ھەر تەرەپتىن قار پومزىكىدەك ئۇچۇپ كېلىۋاتقان تورتلار سورۇن پەسكويىغا چۈشۈپ تانسا باشلاندى. يېرىم كۈن قىلغان گىرىمنى تورت يۇقلىرى بىلەن قوشۇپ يۇيۇۋېتىپ كىرگەن ئايالىڭ سورۇندىكى ئەرلەر بىلەن نۆۋەت بىلەن تانسا ئوينىماقتا. توغرا چۈشىنىش كېرەك، ئېلمىيلىك ھەممىدىن مۇھىم سەن ئايالىڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە «مۇقىملىقنى ساقلاپ» ھاراق قويۇشۇڭ كېرەك. رومكا ئايلانماقتا

http://ilkitap.blogbus.com

رېستورانمۇ، بېشكېمۇ ئايلانماقتا  بىر چاغلاردا يۈزلىرىنى دانخورەك باسقان بىر خوتۇن دەپتەر كۆتۈرۈپ يېنىمغا كەلدى. سەن ئولتۇرغان شىرەدىكىلەرمۇ يانچۇقلىرىنى كولاشقا باشلىدى. «مەن ئۇنىڭ ئېرى» دېدىڭ تەسلىكتە. «ئايالىڭىزغا ئالغان سوۋغىڭىزنى كۆرۈپ باقايلى» دېدى ئۇ. ئاھ، خۇدا! يېنىمدا بىر تىيىنمۇ پۇل يوق ئىدى. بۇنداق بولۇشنى بىلگەن بولساڭ يانچۇقلىرىڭنى سىلاشتۇرۇۋاتقان قوللىرىڭ ئىختىيارسىز تىترەپ، بىردىنلا كۆز ئالدىڭ پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. دەلدەڭشىپ ئايالىڭنىڭ قېشىغا باردىڭ-دە، قايسى كۈنى ئېچكەن مۇكاپاتلىق ھاراقنىڭ قېپىدىن چىققان پارقىراق ئۈزۈكنى ئايالىڭنىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويدۇڭ (ئۇنىڭ ساختىلىقىنى ئەلۋەتتە ئۈزۈڭلا بىلەتتىڭ)، سورۇندا قىزغىن ئالقىش ياڭرىدى. سەن چەكسىز ئەلەم بىلەن باشقىلارغا قۇيۇۋېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ھاراق ئىچىشكە باشلىدىڭ: «ئوپئوچۇقلا قېرىۋاتقانلىقىنى، مەنۇتسىرى ئۆلۈمگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى تەبرىكلەشقۇ بۇ! ئادەملەر سارالڭ بوپتۇ، مەن جېنىمدا ئاتا-ئانامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئەمەس، يىلىنىمۇ بىلمەيمەن» ھاياتىڭدا تۇنجى قېتىم ئاتا-ئاناڭنى ئېسىڭگە ئەپ قالدىڭ. ئالدىڭدىكى شىرەدە چېچىلىپ ياتقان تورتلار، چوكا تەگكۈزۈلۈشكە نۆۋەت كەلمىگەن قورۇمىلار ئاتا-ئاناڭنىڭ چىشسىز ئېغىزلىرىدا ئېزەلمەيۋاتقان قاتتىق زاغرا بىلەن سېلىشتۇرما بولۇپ، گۆزەل سەھرا گۆدەكلىكىڭگە بەخش ئەتكەن ئىلاھىي ئاقىدىللىق پۈتكۈل جىسمىڭنى بىر لەھزە كۆيدۈرگەندەك بولدى .

ھاراق سېنىڭ ستۇدېنتلىق چاغلىرىڭدىكى جۇشقۇنلۇقۇڭنى، ئۇلۇغۋار غايە ئىستەكلىرىڭنى، ئەقلىڭنى ھەممە ھەممىنى پاك-پاكىز يۇيۇپ تاشلىغانىدى. گويا، ھاياتىڭدا ئۇنداق چاغلار ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغاندەكلا. سەن توختاۋسىز ھاراق ئىچىۋاتاتتىڭ. خۇش بولساڭمۇ، خاپا بولساڭمۇ ھاراق ئىچەتتىڭ. بىراق، زادى نېمە ئۈچۈن ھاراق ئىچىۋاتقانلىقىڭنى ئۆزۈڭمۇ بىلمەيتتىڭ .
ۋاقىت، تۇرمۇش ئۆز رىتىمىدا داۋاملاشماقتا. ھەممىگە قادىر ۋاقىتمۇ ھاياتنى يېڭىچە رەڭلەردە بېزىمەكتە. پات-پات جىنسىي ئاجىزلىقنى داۋالاش ئېلانلىرىنى يوشۇرۇنچە ئىزدەپ قالىسەن (ئاچتۇق يۈرۈپ ئىچكەن ھاراق ئاخىرى سېنى تولۇق كاردىن چىقارغانىدى). سەندە داۋالانغۇدەك ئۇنچە جىق پۇل نېمە قىلسۇن؟ سەن يەنە مۇشۇ خاپىلىقنى ئۈچۈن بولسىمۇ ئىچەتتىڭ
يىللار قىزغىن تەبرىكلەشلەر بىلەن ئالدىراش ئۆتمەكتە. سەن ۋە ئايالىڭ ھەتتا باللىرىڭنىڭ ئوقۇشىغا كۆز-قۇلاق بولغۇدەكمۇ ۋاقىت چىقىرالمايۋاتاتتىڭ .
ئەلقىسسە، سەن مۇكچىيىپ يۈرۈپ ئىچىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوڭ بالاڭ ئۆزىگە ئالىي مەكتەپتىن

چاقىرىق قەغىزى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. كۆرۈڭ، ئۇنىڭ خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى. قۇرۇپ كەتسۇن ئاشۇ ئالىي مەكتەپ دېگەنلەر! ئۆزۈڭ داۋالانغۇدەك پۇل يوق، ئالىي مەكتەپكە نەدە پۇل؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر خېلى چوڭ-چوڭ مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ كەلگەنلەرمۇ خىزمەت تاپالمايۋاتسا قانداق قىلىش كېرەك؟ «توغرا، ئىنسانلا بولىدىكەن، ئۇ ئۈستۈپشنى يۆگەيدىغان كىيىمگە موھتاج، ئىنسانلا بولىدىكەن چاچ ساقلىنى ئېلىپ ياساپ قويىدىغان ئادەمگە موھتاج. دېمەك، بۇ ئىككى كەسىپ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان، خاتىرجەم ياشىغىلى بولىدىغان كەسپلەر ئىكەن!» شۇنداق قىلىپ سەن چوڭ بالاڭنى كىيىم تىككۈچىلىككە، كىچىكىنى ساتىراشلىققا شاگىرتلىققا بېرىشكە ئىدىيە جەھەتتىن تولۇق تەييارلىق قىلىپ قويدۇڭ-دە، ئۆز ئەقلىڭدىن پەخىرلەنگىنىڭچە شوپاڭ تامان يۈرۈپ كەتتىڭ

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيىلىك ئۆرۈق باشقۇرۇش پونكىتى قورۇسدا

# نان قېپى

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىمگە ئۈچ يىل بولدى. بۈگۈن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا ھامان بىر كۈنى ھۆكۈمەتتىن «پالانى كۈنى ئىشقا چۈشىدۇ، ئىش ھەققى مانچە يۈز سوم» دېگەن ئۇقتۇرۇش كېلىدۇ. بۇ دېگەن بىر ئۆمۈر يېتىپ يېسەممۇ تۈگىمەيدىغان ئالتۇن تېغىم بولىدۇ. شۇ چاغدا «ھۇ نان قېپى، كارغا يارىماس» دېگەنلەرگە ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام، خەپ

****************

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۈندە مايلاپ تارىلىدىغان چېچىم ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم تارغاق كۆرىدىغان بولدى. پىچاق تىغىدەك تىك قىرلانغان ئىشتىنىمنىڭ تىزى بۆكتەك پۈسكىيىپ چىقتى. توپا قونمايدىغان پارقىراق ئايىغىم «ماي» دېگەن نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئەمدىلىكتە رەڭگىنىمۇ تونۇغىلى بولمىغۇدەك ھالغا كېلىپ قالدى. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ يۇرتقا كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە كۆزۈمنىڭ ئىچىگە ئۈمىد بىلەن قارايدىغان قىزلارنىڭمۇ رايى يېنىپ، ھازىر ئۇلار بىردىن بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالدى. تەڭتۇشلىرىم بولسا، «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى»گە ئېرىشىپ بولدى. كىچىكلەر مېنى «قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان قېرى يىگىت» دېيىشىپ، قارىماستىن ئۆتۈپ كېتىشتى. ئۆيدىمۇ مېھمانلىنىپ - چىمانلىپ بولدۇم. ئانامنىڭ قىز مېلىنىمۇ ساتقۇزۇپ پۈتتۈن ئائىلىنى قاقسەنەم قىلىۋەتكەن تۇرسام، ئۆيۈمدىكىلەرگە قايسى يۈزۈم بىلەن قاراپ، قايسى ئېغىزىم بىلەن نېمىمۇ دەيمەن؟ لېكىن ئامال يوق، بەرگەننى يەپ تۇردۇم (كۆڭلۈمدە يېمەكچى بولغانلىرىمنى يېيەلمىسەممۇ ).

ئالىي مەكتەپتە تۆت يىل مەخسۇس تارىخ ئوقۇدۇم. ئۇيغۇرنىڭ دەمدۇ، جۇڭگونىڭ دەمدۇ، چەت ئەلنىڭ دەمدۇ، قەدىمكىنى دەمدۇ، يېقىنقىنى دەمدۇ قوغۇرسۇر ئالتۇندىن تارتىپ كۆۈك زى، ئەپلاتۇنغىچە بىلمەيدىغىنىم يوق. ئالتۇن دەۋر، قانلىق يىللار ھازىرچە بىرى مەندىن سوراپمۇ قويمىدى، سورايدىغان بولسا، يىپىدىن يىڭنىسىگىچە شارىلداپ ئاققان سۇدەك راۋان دەپ بېرەتتىم. قورسىقىمدا باشقىلارغا ئوخشاش يېگەن ئاش - ناندىن باشقا بىلىم دېگەن تولۇپ يېتىپتۇ. سەھرايى قىيامەتنىڭ

ئادەملىرى كور، نادان، ئۇ خەق ئالتۇننىڭ قەدرىنى نىمە بىلسۇن؟ ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ. مەن مۇنداق قالمايمەن .

كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى. ئۆمىدىم كۆپۈككە، زېرىكىش - تېرىكىشكە ئالماشتى. مۇنداق يېتىۋەرسەم بولمايدىكەن. يەۋەرسەم ئۇيۇلىدىكەنمەن. يېمىسەم ئۆلىدىكەنمەن .

بىلگەن «تارىخ»ىم بىلەن نىمە قىلالايتتىم؟

دادامغا ياردەملىشىپ دېھقانچىلىق قىلماقچى بولدۇم. 16 يىل ئوقۇپ كەتمەن دېگەننىمۇ چىقىپ قاپتىمەن. قوللىرىم قاپىرىپ، بەللىرىم سىرقىراپ بولالماي قالدىم. ئىنىمنىڭ ياغاچچىلىق ھۈنىرىگە ياردەملەشمەكچى بولۇپ باردىم - يۇ، توقماق بىلەن بىرنى قويۇپ، سول قولۇمنى خېلى قاتتىق سوققۇۋالدىم .

ماشنا ئېلىپ كىراكەشلىك قىلىشنى ئويلىدىم. لېكىن ئۇنىڭغا پۇل نەدە؟ ماگىستىرلىق كىنىشكام ماشىنا ھەيدەشكە ئەسقاتمايدۇ .

باققالغا قاراپ باقتىم، ياماقچىغا قاراپ باقتىم، مەن بىر باكالاۋر، ئۇنداق ئىشلارنى قىلسام قانداق بولغىنى؟ ئۇنىڭدىنمۇ رايىم ياندى. بازار كۈنى كوچىدا ساپايى سوقۇپ «ھەق ئاللا» دەۋاتقان سائىلغا قاراپ ھەيران قالدىم: ئۇنىڭ ئاۋازى ياڭراق، سۆزلىرى يېقىملىق، يۈرەكنى ئېزىدۇ. ئۇنىڭ خالتىسى توشاي دەپ قالغان، قاپقارا قاتاڭغۇر قولىدا بىر تۇتام پۇل. ئۇنىڭغا نان، پۇل، مېۋە ئىشقىلىپ ئۆسكەندىن چۈشكەن ئۆلگۈتەك ئۆزۈلمەي كېلىپلا تۇرىدۇ. ئۇ نىمە دېگەن تەلەيلىك ھەم بەختلىك؟ مەن ئەدناسى شۇ ساپايىنىمۇ سوقالمايمەن - دە !

16يىللىق ئۆمرۈم دەرسخانىلاردا كىتاب - دەپتەر بىلەن ئۆتتى. مۇشۇ كەمگىچە مەن يادلىمىغان كىتاب، مەن تۇۋلىمىغان شوئار ئازمۇ؟

مەن مۇئەللىم نىمە دېسە شۇنى قىلدىم. «قىلما» دېگەننى ھەرگىزمۇ قىلمىدىم. ئويلىسام ئۇ چاغلاردا مەن قۇلىقى يۇمشاق، پەزىلەتلىك، رايىش بالا ئىدىم. ھەممە مېنى «ئەخلاقلىق، ئەقىللىق بالا» دەپ ماختايتتى. لېي قېچە، لىيىنىڭچە ئۆسمۈر بولۇپ ئالغان مۇكاپات، تەقدىرنامىلىرىمنىڭمۇ خېلى بار. ئاتا - ئانام، قولۇم - قوشنىلارنىڭ «شۇنداق بولسۇن دەپ ئەگكەندەك، قايچىدا قىرقىغاندەك، تاناپ تارتقاندەك ئوڭلۇق بالا» دەپ ماختاشلىرى، پەخىرلىنىشلىرىچۇ؟

ساردىن چىققان قارچىغا، سەھرادىن چىققان ئۆلىما ئىدىم. ئىلگىرى ھەممە زوقلىنىپ ماڭا قارىشاتتى.

ئەمدى مەن ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئىشىغا، يەۋاتقان نېنىغا، قولىدىكى پۇلىغا تەلمۈرۈپ قاراپ قالدىم. جاھاننىڭ تەڭشەلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ .

قازانچىنىڭ شاگىرتى ئۇستىسىنىڭ قازاننى قانداق قۇيغانلىقىنى كۆرمىسىمۇ، ئىككى يىلدا مۇكەممەل ئۆگىنىپ بولارمىش. مەنچۇ، مەن 16 يىلدا نېمە ئۆگەندىم؟ مائارىپ ماڭا نېمە ئۆگەتتى؟

50يىل مابەينىدە ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتەلمىسە، مەن 6 يىلدا «باكالاۋر» بولدۇم .

قاراپ باقسام، بىرىنچى يىللىقتا ساۋات چىقىرىپ ھايات مۇساپەمدە يېڭى ئىرا باشلىغان بولسامۇ 11 يىلدا، 16 يىلدا شۇ بىر ئوقۇرنى ئايلىنىپتىمەن. ئەمدى مېنىڭدە ساۋاتتىن ئۆزگە قالغىنى نېمە؟

ئادەمگە تەلەي قىيا باقىدىغان كۆنلەرمۇ كېلىدىكەن. ئۇمىدىم ئۇزۇلەي دېگەن كۈنلەردە ھۆكۈمەت ئورگىنىغا كاتىپ، تەرجىماننى نەق مەيداندا تاللاپ ئالىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇدۇل ناھىيىگە چاپتىم. ئەمدى نېمىسىنى ئېيتاي، ئۇلار «چوقۇم ئىش ئورنى بولغان، ياش، ئالىي مەلۇماتلىقلاردىن بولۇشى كېرەك»كەن. چالمام سۇغا چۈشتى .

ئۇزاق ئۆتمەي ئوقۇتقۇچى ۋە مەمۇرىي خادىملىقتا جەمئىيەتتىن تاللاپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. بۇ دورەم ئىشلىرىم خېلى ئوڭغا تارتىپ دەخلىسىز تىزىملاش شەرىپىگە ئىگە بولدۇم. دۆلەت تىلى، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا پەنلىرى ئىمتىھانىدىن ئۆتسەك، ئاندىن كەسپتىن ئىمتىھان بېرىدىغان گەپكەن. ئاتا - ئانامدىن راسخوت ئۈچۈن ئاران پۇل ئېلىپ ئىمتىھانغا قاتناشتىم. «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھانلىرى بىر ئويۇن ھېسابىدا ئۆتتى. ئەزەلدىن مەن ئۆچ كۆرگەن «ماتېماتىكا» بار ئۆچىنى ئالدى. ئۇنى دېمىسىمۇ سەككىز يىل مابەينىدە كەسپىمگە مۇناسىۋەتسىز دەپ قاراپ، ماتېماتىكا كىتابىنى قولۇمغىمۇ ئېلىپ باقمىغان تۇرسام. مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدىم .

ئومۇمىي نومۇرۇم تەلەپكە يەتكەن بولسىمۇ، «ماتېماتىكا» تەلەپكە يەتمەي قۇرۇق قول قايتىشقا مەجبۇر قىلدى .

مۇناسىۋەتلىك ئىدارىدىكىلەرگە ئەھۋال قىلدىم. ئۇلار تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك جاۋاب بېرىشتى :

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇدۇم دەيسىز، ئىمتىھان ئالدۇق، ئۆتەلمىدىڭىز

ئاۋۋال كەسپتىن ئالسۇن. كەسپتىن ئۆتەلمىگەندە ئاندىن

ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى .

مەن 16 يىل ئوقۇدۇم، ئەمدى نېمە قىلىمەن؟

ئىختىيارىڭىز .

ئوقۇتقان كەسىپ تارىخ تۇرسا

ئوقۇتقان كەسىپ شۇ تۇرسا؟! ئۆزىڭىز ئوقۇغانسىز

چاقىرىق كېلىپ، ئوقۇتقاندا ئوقۇدۇم .

ئوقۇغان بولسىڭىز، بىلىم ئالغانسىز؟

ئالدىم. ئەمدى ئۇنى نېمە قىلىمەن؟

ئىختىيارىڭىز. سىزدەكلەردىن 13 مىڭى بار. قولىڭىزدىن كەلسە ئىش تېپىڭ .

مەن قانداق تاپىمەن؟

تازا مەتۇ، دەلدۈشكەنغۇ بۇ؟ ئىش تاپالمىساڭ خالاغا بىلەت سات! ھۇ، نان قېپى

بىر تاغار دەرد - ئەلەم بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم .

16يىل ئوقۇپ خالاغا بىلەت ساتسام، باشقا ئىش ئۇچۇن قانچە يىل ئوقارمەن؟ خەيرىيەت، يېزىدا خالاغا بىلەت سېتىلمايدۇ. شەھەردىكى خالانىڭ ئىگىسى بار. 13 مىڭ كىشى بىلەت ساتقۇدەك يۇرتىمىزدا قانچىلىك شەھەر بار؟

نان قېپى ! نان قېپى! بۇ سۆزلەر مېڭەمنى قوچۇۋەتتى .

مەن ئەزەلدىن مۇشۇنداق «نان قېپى» يارالغاندىمەنمۇ؟ بىراۋ شۇنداق ياراتقانمىدۇ؟ سىلەر مېنى نان قېپى قاتارىغا چىقاردىڭلار. شۇ ئورنۇڭلار، شۇ ئىمتىھان نەتىجەڭلار بىلەن. سىلەر بىر بولساڭلار «ئىمتىھان ئىمتىھان بەرگۈچىنىڭ شۇ سوئال دائىرىسىدىكى بىلىمىنى كۆرستىپ بەرسىمۇ، شۇ كىشىنىڭ پۈتۈن بىلىمىنى ئۆلچىمەيدۇ؛ شۇ كىشىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ» دەيسىلەر. ئەمدى شۇ بىر «ئىمتىھان» بىلەنلا يارىماس قاتارغا چىقىرىسىلەر، زادى قايسى گېپىڭلار راست؟ !

ئېيتىڭلار قېنى، مەندىن ئالغان ئاشۇ ئىمتىھاننى سىلەردىن ئالسا، سىلەر قانداق قىلارسىلەر؟

سىلەر بىزنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەن نان قېپى. سىلەرمۇ، مەنمۇ، ئۇلارمۇ «نان قېپى» بولۇۋەرسە، بۇ نان قاپلىرىغا كەلگۈسىدە قايسى ناننى سالىمىز؟

باللارغا شۇنى خىتاب قىلغۇم كېلىدۇ:

باللار، ئاگاھ بولۇڭلار، ئۇ نان قاپلىرى سىلەرنىمۇ مەندەك نان قېپى قىلىپ يېتىشتۈرمىسۇن. سىلەر ئۆزگىچە ئادەم بولۇڭلار !

http://ilkitap.blogbus.com

مەن بۇگۈن شۇنى تونۇپ يەتتىم. باشقا ئىش قولۇمدىن كەلمىسىمۇ كۆڭلۈمدىكىنى دېيىش، ۋارقىراش بولسىمۇ كېلىدۇ :

خالايىق ئۆيۈڭلاردىكى، ئەتراپىڭلاردىكى سەبىي باللارنى قۇتقۇزۇڭلار! ئوقۇش - ئوقۇتۇشنى دەۋرگە، زامانغا لايىق ئىسلاھ قىلىڭلار. ئەمدى ئىسلاھات قىلىش پەيتى يېتىپ كەلدى. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەنسىلەر، كۈندە دېگۈدەك تۇغۇلۇپ قاتارغا قېتىلىۋاتقان ساناقسىز نان قاپلىرى قەيەرگە سىغىدۇ؟ جېنىنى قانداق باقىدۇ؟ رىقابەتكە قانداق قاتنىشىدۇ؟

-2004يىل 1 - ئاپرېل دامكۇ

ئاپتور: چىرا ناھىيە دامكۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

# جۇڭگولۇق، ئامېرىكىلىق ۋە ياپونىيىلىك ھەققىدە قىزىقارلىق سېلىشتۇرۇش

### يولۋاسقا ئۇچراش

جۇڭگولۇق بىر كىشى، ئامېرىكىلىق بىر كىشى ۋە ياپونىيىلىك بىر كىشى بىللە يولدا كېتىۋېتىپ يولۋاسقا ئۇچراپ قاپتۇ .

ئامېرىكىلىق جىددىيلىشىپ بىر كالتەكنى قولىغا ئېلىپ، يولۋاس بىلەن ئېلىشىشقا تەق بولۇپ تۇرۇپتۇ؛ ياپونىيىلىكمۇ جىددىيلىشىپ دەرھال بىر تۈپ دەرەخكە چىقۋاپتۇ. جۇڭگولۇق ھېچقانداق جىددىيلەشمەي ئېڭىشىپ ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى چىڭىتىشقا باشلاپتۇ .

كېيىن، خەقلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ جۇڭگولۇقتىن، شۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالدىمۇ قانداقسىگە ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى چىڭىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى سورىغانىكەن، جۇڭگولۇق مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «جىددىيلەشكەننىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ مەن پەقەت ئايىغىمنىڭ بوغقۇچىنى چىك چىگىۋالالىسام\u060c ئاندىن ھېلىقى باتۇر قىياپەتكە كىرىۋالغان ئامېرىكىلىقتىن تېزرەك قېچىپ كېتەلەيمەن ئەمەسمۇ!»

### بىناغا ئوت كەتسە

جۇڭگولۇقلار قانچىلىك بەدەل تۆلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئوت ئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئاتلىنىپ، زىيانىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرىدۇ؛

ئامېرىكىلىقلار قانچىلىك بەدەل تۆلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئادەملەرنى قۇتقۇزىدۇ، قانچىلىك مال - دۇنيانىڭ كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كېتىشى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ؛

ياپونىيىلىكلەر مەيلى قانچىلىك بەدەل تۆلىشىدىن قەتئىينەزەر ئارخىپلارنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، بۇ جەرياندا قانچىلىك مال - دۇنيانىڭ كۆيۈپ كېتىشى، قانچىلىك ئادەمنىڭ ئوت دېڭىزىدا قېلىشى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلار «ئارخىپلار ئامان قالسا، تارىخ ئامان قالىدۇ، تارىخنىڭ تەرەققىياتى داۋاملىشالايدۇ» دەپ قارايدۇ .

### پۇل ئامانەت قويۇش

http://www.uyebook.com

جۇڭگولۇقلارنىڭ كىرىمى ئامېرىكىلىقلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ، ياپونىيىلىكلەرنىڭكىگىمۇ يەتمەيدۇ، لېكىن ئۇلار پۇل ئامانەت قويۇشقا ئامراق. ئامانەتنىڭ ئۆسۈمىنىڭ قانچىلىك ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۆت تەڭگە پۇل تاپسىلا، ئالدى بىلەن بانكىغا ئامانەت قويۇشنى ئويلايدۇ .

ئامېرىكىلىقلار بۇنىڭغا قارىتا مۇنداق دېيىشىدۇ: پۇل ئامانەت قويۇش جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئىشەنچى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ؛ ياپونىيىلىكلەر مۇنداق دېيىشىدۇ: «پۇل ئامانەت قويۇشقا ئامراق بولۇشىغا قارىغاندا، جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىدىغان باشقا تۈزۈكرەك سورۇنى يوق بولسا كېرەك.»

لېكىن، جۇڭگولۇقلار ئامېرىكىغا بارسىمۇ، ياپونىيىگە بارسىمۇ تاپقان پۇلىنى ئوخشاشلا ئامانەت قويۇۋېرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىلىقلار بىلەن ياپونىيىلىكلەر «جۇڭگولۇقلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق پۇل ئامانەت قويۇش ئەنئەنىسى بار ئىكەن » دېگەن قاراشقا كېلىشىدۇ .

## ھەقسىز كەچلىك تاماق

بىر جۇڭگولۇق خېلى كۆپ دۆلەتلەرگە چىقىپ، بەزىدە ھەقسىز غىزالىنىپمۇ بېقىپتۇ ھەمدە مول تەسىراتلارغا ئىگە بوپتۇ، ئۇ بۇ ئىشلارنى مۇنداق تەسۋىرلەپتۇ: «ئامېرىكىلىقلار سىزگە كەچلىك زىياپەت تەييارلىسا، ناھايىتى ياخشى كەيپىيات يارىتىپ سىزنى خۇشال قىلىدۇ، ساھىبخانا بولغان ئامېرىكىلىق، مېھمانلارغا: «بۇگۈن سىلەر ئىچكەن كوكا كولا سىلەرگە قىلغان سوۋغىتىم بولۇپ قالسۇن» دەپ ئەسكەرتىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مېھمانلار ئۆزلىرى ئىستېمال قىلغان يېمەك - ئىچمەكلەرنىڭ پۇلىنى ئۆزى تۆلەيدۇ .

ياپونىيىلىكلەرنىڭ باشقىلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىشى ئانچە جانلىق ئەمەس، لېكىن، داستىخان مول، ھاراق - شارابلار ئېسىل، يەنە كېلىپ مۇلازىم قىزلىرى تولىمۇ ئىشچان. ياپونىيىلىكلەرنىڭ سىزگە بەرگەن بىر ۋاقىتلىق ھەقسىز كەچلىك تامىقى سىزنىڭ بۇيرۇتمىڭىز ئىچىدىن ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇپ قىلىنىدۇ .

جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەقسىز كەچلىك تاماق يېيىشى ئوڭاي. سىز بىرەرسىنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئانچە - مۇنچە ئىش قىلىپ بەرسىڭىز بولىدۇ؛ قىلىپ بەرمىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ «بار تاۋۇقىم، يان تاۋۇقىم» قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. ئەمما يېنىڭىزدا جەزمەن يېتەرلىك مىقداردىكى ھۆكۈمەت پۇلى بولۇشى كېرەك .

«تاللانغان فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىدىن قاھار ئوسمان تەرجىمە قىلدى

http://ilkitap.blogbus.com